教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

# بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى




# تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى

## Taychaqning Daryadin Otushi 小马驹的渡河




شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

新疆电子音像出版社

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خەلقىمىز قەدىمدىن بۇيان مەسەلدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەپ، ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتكە مەدھىيە ئوقۇپ، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىش، باشقىلارغا يار-يۆلەك بولۇش، ئىنسانىي خاراكتېرنى جارى قىلدۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ كەلگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەسەللەرنىڭ ئىجابىي رولى ۋە تەربىيۋى ئەھمىيتى ناھايىتى چوڭ ۋە تەڭداشسىزدۇر. شۇ سەۋەبتىن پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مەسەلگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى خەلقىمىز ياراتقان مەسەل خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە تەربىيەلەش مەقسىتىدە، «بىلقوت باللار مەسەللىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابچىنى تۈزۈپ پەرزەنتلىرىمىزگە سۇندۇق. بۇ كىتابچىلار مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەربىيۋى ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقى بىلەن ئەلەپچان ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ياراملىق تەربىيەلىشىدىكى قابىل ياردەمچىسى، پەرزەنتلەرنىڭ ساپالىق يېتىلىشىدىكى سادىق دوستى بولۇپ قالغۇسى!

تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

教与学

# بىلقۇت باللار مەسەللىرى

بىلمىگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى

# 小马驹的渡河

# Taychaqning Daryadin Otushi



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

书　　名　儿童寓言
编　　者　碧利库特公司
责任编辑　古丽巴哈尔，牙里坤·肉孜
责任编辑　克尤木·吐尔逊
设 计 师　艾尼瓦尔·土尔逊
书 法 家：艾力夏提·艾孜孜
画　　家：买合木提·吐尔尼亚孜
出　　版　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830001
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　乌鲁木齐隆益达印务有限公司
开　　本　850×1168mm 1/32
印　　张　2.5
版　　次　2011年3月第1版
印　　次　2011年3月第1次印刷
定　　价　240元（共30种类，单价8.00元）

# نەشرىياتتىن

مەسەللەر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى زور دەرىجىدە تارتىپ كەلمەكتە. مەسەللەر ھەجمىنىڭ قىسقا، مېغىزلىق بولۇشى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كىشىلىك ھاياتقا نىسبەتەن ناھايىتى توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغانلىقى بىلەن دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەر. خەلقىمىز قەدىمدىن بۇيان مەسەل ژانىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۇنياقارىشىنى ئىپادىلىگەن، ئىسىل ئىنسانىي خىسلەتكە مەدھىيە ئوقۇغان، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىش، باشقىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، ئىنسانىي خاراكتېرنى جارىي قىلدۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەسەللەرنىڭ ئىجابىي رولى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ ۋە تەڭداشسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدا ئۆسمۈرلەر تۈرلۈك مەسەللەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھايات قارىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرەلەيدۇ، ئاق ـ قارىنى ئېنىق پەرق ئېتەلەيدۇ، شۇنداقلا ھاياتنى قىزغىن سۆيۈپ، جەمئىيەتكە يارىملىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساسنى تۇرغۇزالايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بالىلارغا ئائىت كىتاب ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى نەشر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا

ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بىلقۇت ئېلېكترون پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مەسەلگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى خەلقىمىز ياراتقان مەسەل خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە تەربىيەلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت باللار مەسەللىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تەييارلاپ نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن مەسەللەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى خەزىنىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان مەسەللەر بولۇپ، تەلەپچان ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىدە پايدىلىنىشىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«بىلقۇت باللار مەسەللىرى» — مەسەللەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئايرىم - ئايرىم رەتلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر مەسەل مۆھتەرەم بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئامراق نەۋرىسى بىلقۇتجاننىڭ قىسقا - قىسقا دىئالوگلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. بۇ مەسەللەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، تېما دائىرىسى كەڭ، ئىخچام ۋە مېغىزلىق؛ تىلى چۈچۈك، راۋان ۋە يېقىملىق بولۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى كىشىلىك دۇنيا، ھايات ھەققىدە نۇرغۇن بىلىمگە، توغرا قاراشقا، ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىشكە، ئىشلارنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بىز بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق تەربىيەلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاتا - ئانىلارغا ۋە بىلىمگە تەشنا پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش قاينايدۇ ........................ 1
ئەخمەق ئادەم بىلەن چاشقان ........................ 3
قاغا بىلەن مۈشۈكنىڭ دوستلۇقى ........................ 6
قارىياغاچ بىلەن قارىغاي ........................ 8
ۋاپا يولى ........................ 9
ئورماندىكى چاشقان ........................ 11
تىكەنلىك دەرەخنىڭ ئاقىۋىتى ........................ 14
ئۆز پايدىسىنى كۆزلىگەن ........................ 16
بۇنداق قىلسام نېمە بوپتۇ ........................ 19
ئۈچ ئادەمنىڭ دېڭىز سەپىرى ........................ 21
چاشقان بىلەن پاقا ........................ 23
باغچىدىكى ياۋا غاز ........................ 25
قېچىپ كەتكەن چېكەتكە ........................ 27
چاشقاننىڭ ساياھەت قىلىشى ........................ 29
تورىنىڭ قۇيرۇقى ........................ 31
كالا ئارغامچىسى ........................ 33
بۆرە بىلەن تۈلكە ........................ 35
چاشقاننىڭ ئاقىۋىتى ........................ 38
كونىنى كۆرۈش ........................ 42

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەخمەق ئوۋچى ........ 44
ئۆچكە بىلەن بۆرە ........ 45
ئالا كۆڭۈل ھەمراھ ........ 48
ئىت بىلەن بۆرە ........ 50
قۇيرۇقى يوق مۈشۈك ........ 53
دۈگگۈ ئەپەندى ........ 55
تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى ........ 62
كالا سېغىش ........ 65
يىڭناغۇچ بىلەن چۈمۈلە ........ 67
قارلىغاچ بىلەن يىلان ........ 69

# ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش قاينايدۇ

يەڭگىلتەكلىك بىلەن قىلىنغان ئىشتىن چاتاق چىقسا، كىشىلەر دائىم «ياغاچ قازان قاينىتىپتۇ» دېيىشىدۇ. بۇ پەقەت پايدىنى كۆزلەپ قىلىنغان ئىشتىن چوقۇم چاتاق چىقىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قەدىمدىن هازىرغىچە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە «ياغاچ قازان قاينىتىش» ئىرچىل ئەيىبلىنىپ كېلىنىۋاتقان يامان خۇي هېسابلىنىدۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجانغا ئەمدى سۆزلەپ بېرىدىغان مەسەللەردە مانا مۇشۇنداق «ياغاچ قازان قاينىتىش»، نوقۇل پايدىنىلا كۆزلەپ ساختا دوستلۇق ئىزهار قىلىشقا ئوخشاش يامان خۇيلاردىن ئىبرەت ئالغۇزۇش؛ كىشىلىك قەدىر - قىممەتنى ساقلاش، هايات هەقىقەتلىرىنى چۈشىنىش، تۇرمۇش تەجرىبىسى هاسىل قىلىش، ياخشى خۇيلارنى ئۆگىنىش ۋە داۋاملاشتۇرۇشقا ئوخشاش مەزمۇنلار بايان قىلىنغان مەسەللەرنى سۆزلەپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— هەي جېنىم بالام! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا مەسەل جېدىلى قىلىشقا باشلىغان بىلقۇتجانغا، — مەن ساڭا بۈگۈن بەزى ياخشى خۇيلار ۋە بەزى يامان خۇيلار سۆزلەنگەن مەسەللەردىن ئېيتىپ بەرمەكچىمەن؛ ئۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باشقا، هايات ھەقىقەتلىرى ۋە ھېكمەتلىرى سۆزلەنگەن، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى موللاشتۇرۇشقا ياردىمى بولىدىغان مەسىلىلەردىنمۇ سۆزلەپ بېرىمەن. چوقۇم دىققەت قىلىپ ئاڭلا!

— بوۋا، بۇ مەسىلىلەر قىزىقارلىقتۇ - ھە؟ — دەپ سورىدى بىلقۇتجان.

— تولىمۇ قىزىقارلىق، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى مۆھتەرەم بوۋاي، — بەزى مەسىلىلەرنى ئاڭلىساڭ كۈلۈپ قېتىپ قالىسەن، بەزىلىرىنى ئاڭلىساڭ، ئۇنىڭدىكى پىكىر چوڭقۇرلۇقىدىن ئاغزىڭنى ئېچىپ قالىسەن؛ يەنە بەزىلىرىنى ئاڭلىساڭ، تۇرمۇش تەجرىبەڭ مولىيىدۇ، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىڭ تولۇپ - تاشىدۇ.

بىلقۇتجان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن سەكرىۋەتتى.

— بەك ياخشى بولدى بوۋا! — دېدى ئۇ بوۋىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، — مەن بۇگۈن مەسەل ئاڭلاپ راسا پۇخادىن چىقىۋالىدىغان بولدۇم. ئەممە تېزرەك ئېيتىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن.

— مانا باشلىدىم ئەممە! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.



# ئەخمەق ئادەم بىلەن چاشقان

بۇرۇن بىر ئەخمەق ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە چاشقانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەيلى ئۇ ئېتىزغا ئىشلىگىلى كەتسۇن، مەيلى ئۆيىدە ئارام ئالغان كۈنلىرى بولسۇن، چاشقانلار ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى قىلىشۋېرىپتۇ. ئەخمەق ئادەم ئامالسىز قېلىپ، ئاخىر مۈشۈكتىن بىرنى سېتىۋاپتۇ.

بۇ مۈشۈك ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن، تۆت پۇتىنىڭ ئۇچى ئاپپاق بولۇپ، خۇددى ئاق پايپاق كىيىۋالغاندەك كۆرۈنىدىكەن. مۈشۈك ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، ئىگىسى ئۆيدە بولسۇن ـ بولمىسۇن، تىنىم تاپماي چاشقان تۇتىدىكەن. ئەخمەق ئادەم مۈشۈك تۇتۇپ بەرگەن چاشقانلارنىڭ گۆشى بىلەن تېرىسىنى سېتىش ئارقىلىق خېلى باي بولۇپ قاپتۇ، ئۇ جۇغلىغان پۇللىرىغا ئۇنئالغۇدىن بىرنى سېتىۋاپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇ مۈشۈكنىڭ مىياڭلىغان ئاۋازىنى ئۇنئالغۇغا كۆچۈرۈۋېلىپ، مۈشۈكنى سېتىۋەتسەم، ئۇ يەيدىغان ئاشلىقنىمۇ تېجەپ قالالايدىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە بۇرۇنقىدەك پۇل تاپالايدىكەنمەن، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئەتىسى مۈشۈكنى ئاپىرىپ سېتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى ئۇنئالغۇنى چاشقانلارنىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئاۋازىنى بولۇشىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قويۇۋېتىپتۇ. ئۇدا بەش كۈن ئۆتۈپتۇ، ئۇۋۇسىنىڭ ئالدىدىكى ئۇنئالغۇدىن چىققان مۈشۈكنىڭ ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن چاشقانلار ئۇۋۇسىدىن چىقالماي ئاچلىقتا ئۆلەي دەپتۇ. بۇنىڭغا چىدىيالمىغان بىر چاشقان: «ئەگەر مۈشۈنداق تۇرۇۋەرسەك ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە، مەن چىقىپ كۆرۈپ باقاي» دەپتۇ ـ دە، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن ئىككى پۇتىنى ئاران ـ ئاران يۆتكەپ، تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ ئۆي ئىچىنى كۆزىتىپتۇ. قارىسا، ئۆيدە مۈشۈك يوق. مياڭلىغان ئاۋاز بولسا ئۇنئالغۇدىن چىقىۋاتقانىكەن. قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەن چاشقان بۇ خۇش خەۋەرنى ھەمراھلىرىغا يەتكۈزۈپتۇ. قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەن چاشقانلار ئۇۋۇسىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، بەزىلىرى تاغاردىكى ئاشلىقلارغا، بەزىلىرى ئەخمەق ئادەمنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ھۇجۇم قىپتۇ. ئاشلىقلارنى يەپ چېچىپ، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى كاردىن چىقىرىپتۇ. ئۇنئالغۇ بولسا ئورنىدىن قوزغالماستىن مياڭلاۋېرىپتۇ.

ئەخمەق ئادەم ئۆيىدىكى ۋەيرانچىلىقنى كۆرۈپ، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي تۇرۇپلا قاپتۇ...

بىلقۇتجان بۇ مەسىلنى ئاڭلاپ تولىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى.

ـــ بوۋا، بۇ مەسەل ھەقىقەتەن قىزىقارلىق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمنىڭ ئىختىيارسىز كۈلكىسىنى قوزغايدىكەن! ـــ دېدى بىلقۇتجان.

ـــ ئەخمەقلىقنىڭ ھەر خىل ئىپادىلىنىش شەكىللىرى

بولىدۇ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — بۇ مەسەلىدىكى ئەخمەق ئادەممۇ غەيرىي بىر ئۇسۇل بىلەن چاشقانلارغا تاقابىل تۇرماقچى ۋە ئۇلاردىن نەپ ئالماقچى بولغان، نەتىجىدە، چاشقانلار ئۇنىڭ سىرىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ئۇنتۇلغۇسىز زىيانلارنى سالىدۇ. بۇنىڭدىن چوقۇم ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك.

— چۈشەندىم، بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان.

— ئەمدى، قاغا بىلەن مۈشۈك دوست بولغاندا قانداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە دىققەت قىلغىن، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قاغا بىلەن مۈشۈكنىڭ دوستلۇقى

بىر قاغا مۈشۈك بىلەن جانجىگەر دوست بولۇشتى. ئۇلار ئورماندىكى بىر تۈپ دەرەخ تېگىدە ھەر كۈنى شېرىن سۆھبەتلەر قۇرۇشاتتى. بىر كۈنى مانا شۇنداق مۇڭدىشىپ تۇرغان چاغدا يىراقتىن بىر قاپلاننىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشتى. قاغا پۇررىدە ئۇچۇپ دەرەخنىڭ ئەڭ يۇقىرى شېخىغا قونۇۋالدى. مۈشۈك بولسا نېمە قىلىشنى بىلمەي، دەرەخكە چىرمىشىپ، ئاران دېگەندە دەرەخنىڭ تۆۋەنكى بىر تال شېخىغا چىقىۋالدى ـ دە، يوپۇرماقلار ئارىسىغا يوشۇرۇندى ۋە قاغىغا يېلىنىپ:

ـــ دوستۇم، خەۋپ ئاستىدا تۇرۇپتىمەن، سېنىڭ ياردىمىڭگە موھتاجمەن، بىر ئىلاج قىلىپ مېنى بۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇۋال، ـــ دېدى.

شۇ دەرەخكە يېقىن يەردە پادىچىلار بار ئىدى. قاغا ئۇچۇپ بېرىپ پادىچىلارنىڭ بىر ئىتىنىڭ بېشىغا قانىتى بىلەن ئۇردى. ئىتلار قاغىنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ ئۇ يەرگە يۈگۈردى. شۇنداق قىلىپ قاغا ئۇچۇپ ـ ئۇچۇپ ئىتلارنى ھېلىقى دەرەخنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى. بۇ چاغدا قاپلان مۈشۈكنى يېمەكچى بولۇپ تۇراتتى. ئىتلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. شۇنداق

قىلىپ، قاغا ئۆز دوستى مۈشۈكنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزدى.

بۇ مەسەلمۇ بىلقۇتجاننى خېلىلا رازى قىلدى.

— بوۋا، بۇ مەسەلدە دوستلۇق رىشتىسىنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ تەسىرلىك ئىكەن، — دېدى بىلقۇتجان.

— شۇنداق، جېنىم بالام ! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — بېشىڭغا مۈشكۈل ئىش چۈشكەندە يارۇدوست كېرەك بولىدۇ. چىن، سەممىي دوست ئۆز دوستىغا ياردەم قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئۇنى ئېغىر، قىيىن ھالدىن قۇتقۇزۇشقا ئىنتىلىدۇ. مانا مۇشۇ سىناقتىن ئۆتكەن دوستلارلا ھەقىقىي دوست ھېسابلىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قارىياغاچ بىلەن قارىغاي

— سەن ئۆسمەن دەپ كۆپ ئاۋارە بولما، — دەپتۇ قارىياغاچلاردىن بىرى يېنىدىكى ياش قارىغايغا.

— نېمىشقا؟

— ئەگەر ئاسماندىن چاقماق چۈشسە، ئەڭ ئاۋۋال ئېگىز تۇرغان شاخا تېگىدۇ.

— خوش، بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچىسەن؟

— دېمەكچى بولغىنىم: ئورمانلىققا ئوت كەتسە، بۇ ئاپەتتىن كۆپىمىز قۇتۇلالمايمىز؛ ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ، سېنىڭ زەخىملەنگىنىڭ زەخىملەنگەن.

— كەلگەن بالا - قازا مەن بىلەنلا توگەپ، باشقىلار ئامان قالىدىغانلا بولسا، ئۆسۈشتىن بىر مىنۇتمۇ توختىمايمەن، — دەپتۇ ياش قارىغاي.

ئۆسۈشتە ئەل غېمىنى ئويلىغان كىشى،
قايغۇرماس خەتەرگە يولۇقسا بېشى.

مۆھتەرەم بوۋاي بۇ مەسەل ھەققىدە ئۇزۇن توختالماي، يەنە مەسەل ئېيتىشقا باشلىدى.

# ۋاپا يولى

بىر تۈلكە يول ئۈستىدە ئەتراپقا قاراپ تۇراتتى. شۇ چاغدا بىر ئىت بىر بۆرە بىلەن دوستلىشىپ، بىر - بىرىگە دەخلى قىلماستىن كېلىپ قالدى. تۈلكە بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، ئۇلارنىڭ دوستلىشىپ قېلىشىغا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ دېدى:

— شۈكرىلەر بولسۇن، ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلىكىڭلار دوستلۇققا ئايلىنىپ، ئادەۋەتنى ئۇنتۇپ، ئىناقلىقتا ياشاشقا باشلاپسىلەر، قۇتلۇق بولسۇن. بۇنىڭدىن مەن كۆپ خۇرسەن بولدۇم. لېكىن بۇ دوستلۇقنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ بۇنى بىلىش ئارزۇسىدىمەن، ئەگەر چۈشەندۈرۈپ بەرسەڭلار تولىمۇ مەمنۇن بولغان بولاتتىم.

ئىت تۈلكىگە شۇنداق جاۋاب بەردى:

— پادىچىنىڭ قىلغان ۋاپاسىزلىقى بىزنىڭ دوستلۇقىمىزغا سەۋەب بولدى. كېچە بۇ بۆرە قويلارغا ھەملە قىلىپ ئۇلاردىن بىرىنى ئېلىپ كەتتى. مەن ئادىتىم بويىچە بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدىم ۋە قوينى مىڭ تەسلىكتە قۇتقۇزۇۋېلىپ، پادىچىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇ بەتبەخت مىننەتدار

بولۇش ئورنىغا مېنى ئۇرۇپ دىلىمنى رەنجىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىي دوستۇم پادىچىغا دۈشمەن بولۇپ، دۈشمىنىم بۆرىگە دوست بولدۇم. دوستلۇقىمىزنىڭ سەۋەبى مانا شۇ.

— دېمەك، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ، — ۋاپا يولىدىن بىر قەدەم سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىك لازىم. ۋاپاسىزلىق قىلىپ دىلىنى ئاغرىتىش تۈپەيلى دوستۇڭ دۈشمەن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ۋاپاسىزلىق دوستنى دۈشمەنلىك يولىغا باشلايدۇ.

بىلقۇتجان باش لىڭشىتىپ، بوۋىسىنى يەنە مەسەل سۆزلەپ بېرىشكە ئۈندىدى. مۆھتەرەم بوۋاي مەسەل سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى.



# ئورماندىكى چاشقان

بىر چاشقان ئورماندا سوغا يېقىن يەردە ياشايتتى. سودا بىر چارپاقىمۇ ياشايتتى. بەزىدە ھاۋادىن نەپەسلىنىش ئۈچۈن قىرغاققا چىقاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئادىتى بويىچە سۇنىڭ لېۋىگە كەلدى، ئۆزىنى بولبۇل ھېسابلاپ، يېقىمسىز ئاۋازى بىلەن كۈركىراشقا باشلىدى. شۇ چاغدا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرغان چاشقان چارپاقىنىڭ كۈركىرىغان نەغمىسىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، بۇ ناخشىچىنىڭ كىملىكىنى بىلىش، رەڭگىرويىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىنىدىن تاشقىرىغا چىقتى.

چارپاقا چاشقاننى كۆرۈپ: ناخشام ئۇنىڭغا ياققان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن دوستلاشماقچى بولدى ۋە چاشقاننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. چاشقان بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دوست بولۇشتى.



بىر كۈنى چاشقان چارپاقىغا ئېيتتى.

— دوستۇم، سېنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن سۇ لېۋىگە كېلىپ، سېنى ھەر قانچە چاقىرساممۇ

ئاڭلىمايسەن، تولا چاقىرىپ ھالىمدىن كېتىدىكەنمەن، تېز - تېز كۆرۈشۈپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن بىر چارە تاپايلى.

چارپاقمۇ دوستى چاشقاننى چاقىرىش ئۈچۈن كۆپ قىينالغانلىقىنى ئېيتتى.

چاشقان بىر ئۇزۇن شوينىنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆزىنىڭ پۇتىغا، يەنە بىر ئۇچىنى چارپاقنىڭ پۇتىغا باغلاپ، ئۇنىڭغا:

— سۇ لېۋىگە كېلىپ شوينىنى قىمىرلاتسام، سەن خەۋەردار بولىسەن، سەن ئۇۋاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ شوينىنى مىدىرلاتساڭ، مەن خەۋەر تېپىپ ئىنىمدىن چىقىپ يېنىڭغا بارىمەن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى دوست مۇشۇ چارە ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، پاراڭلىشىپ تۇردى.

بىر كۈنى چاشقان چارپاقنى چاقىرماقچى بولۇپ، سۇ بويىغا كەلگەندى، ھاۋادىن بىر قاغا ئۇچۇپ چۈشۈپ ئۇنى كاپلا قىلىپ ئېلىپ قاچتى. شوينىنىڭ بىر ئۇچى چارپاقنىڭ پۇتىغا باغلانغانلىقتىن، ئۇمۇ سۇدىن كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا لەيلەپ كېتىپ باراتتى. بۇ قىزىق ھالنى كۆرگەن ئادەملەر:



— قاراڭلار، قاغا چارپاقنى ئوۋلاپتۇ، ئەجەبا، ئۇ ھېچقاچان چارپاقنى ئوۋلىمايتتىغۇ،

ــ دەپ تەئەججۇپلىنىپ بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىشتى.

بىلقۇتجان بۇ مەسەلىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن مەنىسىنى تازا ئېنىق چۈشىنەلمەي بوۋىسىغا قارىدى.

ــ بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ــ دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، ــ ھەر كىم ئۆزىگە مۇناسىپ كىشى بىلەن دوستلىشىپ، ئۈلپەتچىلىك قىلىشى كېرەك، بولمىسا، بالا ـ قازا زەنجىرىگە چاپاقىغا ئوخشاش ئېسىلىپ قالىدۇ. ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟

ــ ئەمدى چۈشەندىم، بوۋا! ــ دېدى بىلقۇتجان كۈلۈپ تۇرۇپ.



# تىكەنلىك دەرەخنىڭ ئاقىۋىتى

بىر تىكەنلىك دەرەخ باغۋەنگە:

— ئەگەر مېنى باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكسەڭ، گۈل ۋە يېمىشلىرىم ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياققان بولاتتى، — دېدى.

باغۋەن تىكەنلىك دەرەخنىڭ سۆزىگە چىنپۇتۇپ، ئۇنى باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى ۋە ياخشى پەرۋىش قىلدى، تىكەنلىك دەرەخ تېز ئۆسۈپ يوغان دەرەخ بولدى. شاخلىرى ھەر تەرەپكە يېيىلىپ، شاخلىرىدىن نەيزىدەك تىكەنلەر ئۆسۈپ چىقتى. ئۇنىڭ يېنىغا ھېچكىم بارالمىدى.

باغۋەن ئەسلىدە خۇش پۇراق گۈللەر، شېرىن تەملىك مېۋىلىك دەرەخلەر تىككەن ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە تىكەنلىك دەرەخ ئۇلارنى ئورىۋېلىپ، ئۆسۈشىگە، مېۋە بېرىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. باغۋەن تىكەنلىك دەرەخنى باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا، گۈل ۋە يېمىشلىك دەرەخلەر ئارىسىغا تىككەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى شۇ زامان قومۇرۇپ تاشلىدى.

— دېمەك، بوۋا، كىمكى يامانلارغا ياخشىلىق قىلغانسېرى، ئۇلاردىن شۇنچە يامانلىق كۆرىدىكەن، يامان كىشى يامانلىقنى

قىلماي قويمايدىكەن ـ دە؟ ! ـــ دېدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

ـــ شۇنداق، شۇڭا، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھەرقانداق ئىشتا ئەستايىدىل بولۇش، سىنىماي تۇرۇپ كۆڭۈل سىرىنى بەرمەسلىك كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، خاتالىشىپ قېلىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۆز پايدىسىنىلا كۆزلەپ باشقىلارغا زىيان سېلىشنى ئويلىغان كىشى بولسا، چوقۇم يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ. توشقان ئەنە شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرى ئۆز بېشىغا چىقىدۇ ئەمەسمۇ!

ـــ ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن، بوۋا؟ ـــ دەپ قىزىقىپ سورىدى بىلقۇتجان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۆز پايدىسىنى كۆزلىگەن

بىر بۆرە دالىدا ئوزۇق ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇ ئوت - چۆپ ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقان توشقاننى كۆرۈپ، سۆيۈنگىنىدىن ئۇ تەرەپكە ئاستا قەدەم تاشلاپ ماڭدى. توشقان ئۇنىڭ تىۋىشىدىن ئويغىنىپ قاچماقچى بولدى، ئەمما بۆرە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ قېچىشقا ئىمكان بەرمىدى. توشقان قورققىنىدىن دىر - دىر تىترەپ بۆرىگە يېلىندى:

— بىلىپ تۇرۇپتىمەن، هايۋانلارنىڭ خانى بولمىش ئۆزلىرى هازىر ناهايىتى ئېچىرقاپ كەتتىلە. لېكىن كىچىككىنە ۋە ئاجىز بەدەن كەمىنە هەزرىتى ئالىيلىرىغا ئاران بىر پارچە لوقمىلا بولىمەن، بۇنىڭ بىلەن مۇرادلىرى هاسىل بولمايدۇ. مۇشۇ يەرگە يېقىن يەردە سېمىز بىر تۈلكە ياشايدۇ. ئەگەر سىلى رۇخسەت بەرسىلە، ئۇنى بىر هىيلە بىلەن ئالدىلىرىغا ئېلىپ كېلىمەن. ئۇ چاغدا هەزرىتى ئالىيلىرى ئۇنىڭ گۆشىدىن مەززە قىلىپ يەپ، مېنىڭدىن خۇشال بولغايلا، — دېدى.

بۆرە توشقاننىڭ سۆزلىرىدىن شادلىنىپ، ئۇنىڭغا ماقۇللۇق بەردى ۋە تۈلكە گۆشىگە ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇردى.

مۇشۇ يەرگە يېقىن يەردە بىر مەككار تۈلكە ياشايتتى. توشقان ئۇنى زادىلا ياقتۇرماي، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا گىنە - ئاداۋەت

ساقلايتتى. توشقان بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولدى. ئۇ بۆرىنى يېقىنراق بىر يەرگە يوشۇرۇپ، ئۆزى تۈلكىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ سالام بەردى. تۈلكىمۇ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

— ئۇزۇندىن بېرى، سىلى بىلەن سۆھبەتلىشىش نىيىتىدە بولساممۇ، ئىش - كۈشلىرىمنىڭ كۆپلۈكىدىن مۇرادىمغا يېتەلمەي كېلىۋېدىم. بىر كارامەت ئىگىسى پىرى ئىشانىمىز بار ئىدى. ئۇ سىلىنىڭ خىلۋەتتە تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ، سىلى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇلايدىكەن. شۇڭا، مېنى سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا ئەۋەتتى. ناۋادا ئىجازەت بەرگۈدەك بولسىلا، ھۇزۇرلىرىغا كىرىشكە ئىنتىزار، — دېدى توشقان.

تۈلكە توشقاننىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ھىيلە - مىكىر نەقىشىنى ئوقۇدى ۋە كېيىنكى ئاتقانغا تاش ئېتىش بىلەن جاۋاب بېرەي دەپ، توشقانغا خۇشامەت قىلىپ ئېيتتى:

— شۇنداق ئەزىز زات ماڭا مېھمان بولغۇدەك بولسا، ئاياغلىرىنىڭ چاڭ - توپىسىنى كۆزلىرىمگە سۇرمە قىلغايمەن. لېكىن، تاشقىرىغا چىقىپ بىردەم تۇرۇپ تۇرغان بولسىڭىز، ئۆيۈمنى بىر قۇر سۈپۈرۈپ تازىلىۋالاي. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىڭىزغا چىقىمەن، شۇ چاغدا ئەزىز مېھمان بىلەن بىرگە كۆلبەمگە قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز.

توشقان تاشقىرىغا چىقىپ بۆرىدىن سۆيۈنچە ئالدى. تۈلكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygharkitap.com



ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بىر ئورا كولاپ، ئۈستىنى ئوت ـ خەسلەر بىلەن يېپىپ قويغانىدى. دۈشمەن كەلگەندە ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر يوشۇرۇن يولمۇ ھازىرلاپ قويغانىدى. توشقان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئورىنىڭ ئاغزىنى ئوتلار بىلەن يېپىپ:

ــ قېنى، ئەزىز مېھمانلار، قەدەم تەشرىپ قىلغايلا، ــ دەپ ئۇلارنى چاقىردى.

بۆرە بىلەن توشقان تۈلكىنىڭ قاپقارائىغۇ ئۆيىگە ئاياغ بېسىشى بىلەنلا ئورىغا چۈشۈپ كەتتى. تۈلكە بولسا ئالدىن تەييارلاپ قويغان يوشۇرۇن يولىدىن قېچىپ كەتتى. بۆرە: «مېنى ئالداپ ئورىغا چۈشۈردى» دەپ گۇمان قىلىپ، توشقاننى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى.

ــ دېمەك، ــ دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، ــ ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ باشقىلارغا زىيان سالماق ئۈچۈن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن كىشى توشقاننىڭ ھالىغا قالىدۇ.

ــ بوۋا، ئەمدى تېخىمۇ قىزىقارلىق مەسەللەردىن ئېيتىپ بەرسىڭىزچۇ! ــ دېدى بىلقۇتجان.

ــ ماقۇل ـ ماقۇل، ساڭا ئەمدى بىر ـ بىرىدىن قىزىقارلىق مەسەللەردىن بىرنەچچىنى ئېيتىپ بېرەي، بولامدۇ؟ ــ دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ۋە مەسەل ئېيتىشقا كىرىشىپ كەتتى.

# بۇنداق قىلسام نېمە بوپتۇ

بىر كۈنى بىر ئادەم قوشنا كەنتتىكى بىر كۆكتاتلىققا ئوغرىلىققا كىرىپ، بىر سېۋەت تۇرۇپنى يۇلۇپ مېڭىپتۇ. كۆكتاتلىقنىڭ ئىگىسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— نېمىشقا مېنىڭ تۇرۇپلىرىمنى ئوغرىلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوغرىلىسام نېمە بوپتۇ، — دەپتۇ ئۇ.

يەنە بىر قېتىم ئۇ تاغ ئېتىكىدىكى بىر ئاپېلسىنزارلىققا ئوغرىلىققا كىرىپ، يېڭى پىشقان ئاپېلسىندىن بىر سېۋەت ئۈزۈۋاپتۇ. ئورمان باققۇچى ئۇنى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ:

— نېمىشقا مېنىڭ ئاپېلسىنىمنى ئوغرىلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ يەنە «ئوغرىلىسام نېمە بوپتۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۈچىنچى قېتىم، ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەن مەھەل بىلەن بىر تاۋۇزلۇققا ئوغرىلىققا كىرىپ، ئىككى يوغان تاۋۇزنى ئوغرىلاپتۇ. تاۋۇزچى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— نېمىشقا مېنىڭ تاۋۇزلىرىمنى ئوغرىلايسەن، — دەپ سوراپتۇ. ئۇ يەنە شۇ ئۆزگەرمەس جاۋابىنى بېرىپتۇ:

— ئوغرىلىسام نېمە بوپتۇ؟

بۇ، ئىشتىن كۆكتاتچىنىڭ، ئورمان باققۇچىنىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تاۋۇزچىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ ۋە بىرلىشىپ ئۇنىڭ تازا بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويماقچى بولۇپتۇ. بىر كۈنى بۇ ئۇچەيلەن ھېلىقى ئوغرى تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى باغلىۋاپتۇ. ئاندىن تۇشمۇتۇشتىن ئۇنىڭ يۈز تېرىسىنى شىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن بىردەمدىلا قان چىقىشقا باشلاپتۇ. ئوغرى «ۋايجان، ۋايجان! ئاغرىپ كەتتى» دەپ ۋارقىراپتۇ.

— بۇنداق قىلساق نېمە بوپتۇ؟ بەرىبىر ساڭا يۈز كېرەك ئەمەسقۇ، — دەپتۇ ھېلىقى ئۈچەيلەن تەڭلا.



# ئۈچ ئادەمنىڭ دېڭىز سەپىرى

بىر ۋەزىر، بىر باي ۋە بىر دېھقان پاراخوتقا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقىپتۇ.

— مېنىڭ مەرتىۋەم يۇقىرى، مەنسىپىم كاتتا، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكىم تولۇق، ھېچنېمىدىن غەم يېمەيمەن. ئىشقىلىپ بۇ ئۆمرۈمدە خاتىرجەم جېنىمنى جان ئېتەلەيمەن، — دەپتۇ ۋەزىر.

— مەن گەرچە ھېچقانداق مەنسىپىم يوق ئاددىي پۇقرا بولساممۇ، ئۆيۈمدە پۇل - ماللىرىم ھەددى - ھېسابسىز، ئامبارلىرىمدا ئوزۇق - تۈلۈك تولۇق تۇرىدۇ. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكىم تولۇق، ھېچنېمىدىن غەم قىلمايمەن، ئىشقىلىپ بۇ ئۆمرۈمدە مەنمۇ خاتىرجەم جېنىمنى جان ئېتەلەيمەن، — دەپتۇ باي.

ئۇلار سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن دېھقاندىن تەڭلا سوراپتۇ:

— سېنىڭ نېمەڭ بار؟

— مېنىڭ ھېچنېمەم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان، — لېكىن، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاچارچىلىق جەريانىدا تۇرلۇك ياۋا مېۋىلەرنى، ياۋا كۆكتاتلارنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋالغانمەن، بۇمۇ بىر بىلىم ھېسابلانسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋەزىر بىلەن باي ئاغزىنى قىيسايتىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— بۇ ئەرزىمەس بىلىمنىڭ نېمىگە ئەسقاتاتتى، سەن يەنىلا ھېچنېمىسى يوق يالاڭتۆش ئىكەنسەن.

ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا پاراخوت خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. تەلىيىگە بۇ ئۇچەيلەن بىر تال شالغا چىڭڭىدە ئېسىلىۋېلىپ، بىر قاقاس ئارالغا ئامان ـ ئېسەن بېرىۋاپتۇ.

دېھقان ياۋا مېۋە، ياۋا كۆكتاتلارنى تېرىپ ئەكىلىپ، ئاچلىق ھەم ئۇسسۇزلۇقنى بېسىپتۇ.

ۋەزىر بىلەن باي ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن بەكلا قىينىلىپتۇ، ئەمما ئۇلار ياۋا مېۋىلەرنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلمىگەچكە، زەھەرلىك مېۋىلەرنى يەۋېلىپ ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن دېڭىزغا بارغان بېلىقچىلار دېھقاننى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ چىققان كېمىدە يەنە ۋەزىر بىلەن باينىڭ جەسىتىمۇ بار ئىكەن.

# چاشقان بىلەن پاقا

بۇرۇن ھايۋانلار ئۆزئارا سۆزلىشەلەيدىكەن، چاشقان پاقا بىلەن دوست بولۇپ، ئۇنى بىر باي ئادەمنىڭ ئىسكىلاتىغا باشلاپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ يەردە بولكا، ئىرىمچىك، ھەسەل، ئەنجۇر قېقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئېسىل يېمەكلىكلەر بار ئىكەن.

چاشقان:

— يېگىن، پاقا، خالىغىنىڭچە تاللىغىن، — دەپتۇ. پاقا ئۇنىڭغا:

— ئۇنداقتا سەنمۇ مەن تەرەپكە بېرىپ مېنىڭ ياخشى نەرسىلىرىم بىلەن راسا تويۇۋالغىن. قورقمىساڭمۇ بولىدۇ، مەن سېنىڭ پۇتۇڭنى پۇتۇمغا باغلاپ قويىمەن، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ پاقا چاشقاننىڭ پۇتىنى ئۆزىنىڭ پۇتىغا باغلاپ كۆلچەككە سەكرەپ چاشقاننى تارتىپ مېڭىپتۇ. چاشقان تۇنجۇقۇپ ئۆلگىلى تاس قالغاندا شۇنداق دەپتۇ:

— مەن گەرچە سېنىڭ زىيانكەشلىكىڭ بىلەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆلۈپ كەتمىسەممۇ، ھايات قالغان ھايۋانلار چوقۇم مەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ.

بۇ چاغدا بىر قۇرغۇي چاشقاننىڭ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ پاقىنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ ـ دە، ھەر ئىككىسى قىيما ـ چىيما بوپ كېتىپتۇ.

بۇ ھېكايە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، دوستلارنىڭ قارانىيىتى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى خەتەرلىك.



# باغچىدىكى ياۋا غاز

بىر توپ ياۋا غاز باغچىدىكى كۆل بويىغا قونۇپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە بىر مەزگىل ياشاپ، كۈز پەسلى يېتىپ كەلگەندە، جەنۇبقا كېتىپ، قىشنى ئۆتكۈزۈپ كەلمەكچى ئىكەن.

باغچىدىكى ساياھەتچىلەر ياۋا غازنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە ئارقا - ئارقىدىن پىرەنىك، بېلىق قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تاشلاپ بېرىپتۇ، ياۋا غازلار ساياھەتچىلەر تاشلاپ بەرگەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن «گۇررىدە» قىلىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ساياھەتچىلەر كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ئاستا - ئاستا يېمەكلىككە يېقىنلىشىپ، تېتىپ بېقىشقا باشلاپتۇ. كېيىن، ياۋا غازلار ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە زىيان سالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ھەر قېتىم ساياھەتچىلەر يېمەكلىك تاشلىغاندا تالىشىپ يەيدىغان بولۇشۇپتۇ. كۈنلەر - ئايلارنى قوغلىشىپ ئۆتۈپتۇ، ياۋا غازلار ساياھەتچىلەر بەرگەن يېمەكلىكنى يەپ، توپتەك سەمرىپ كېتىپتۇ.

كۈز پەسلى يېتىپ كەپتۇ. ياۋا غازلار ھەر كۈنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئۇلار جەنۇبقا قايتىشنى ئاۋارىچىلىك كۆرۈپتۇ.

قىش كۈنلىرى يېتىپ كەپتۇ. قارلار توختىماي يېغىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باشلاپتۇ، سايىلەتچىلەر بارغانسېرى ئازىيىشقا باشلاپتۇ. ياۋا غازلار ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ھەم ئاچلىق ھەم سوغۇقتىن تىترىشىپ كېتىپتۇ. بىر قانچە ياۋا غاز جەنۇبقا قاراپ ئۇچۇپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىراق كېلەڭسىز بەدىنى ۋە سوغۇق ھاۋا ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەپتۇ.

ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە سوۋۇشقا باشلاپ، باغچا تاقىلىپتۇ. ياۋا غازلار يېمەكلىك تاپالمايلا قالماي، سوغۇق شامال ئۇلارنىڭ پەيلىرى ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ئۆتكەن يىلقى مۇشۇ ۋاقىتنى ئەسلىشىپ بۇ جايدا تۇرۇپ قالغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ.



# قېچىپ كەتكەن چېكەتكە

ئاشخانا ئۆيدە بىر ئائىلىلىك قارا چېكەتكە تۇرىدىكەن، ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان قارا چېكەتكە ئىكەن. تولىمۇ خۇشال يۈرىدىكەن، تاماق يېگەندە ئازادە پاراڭلىشىپ، تاتلىق خىياللارنى سۈرىدىكەن، كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىرلىكتە ناخشا ئېيتىدىكەن. ئانا چېكەتكە ھەر كۈنى بالىلىرىغا: «بالىلىرىم ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، پەقەت ئۆيىمىزنىڭ ئىچىدىلا بەخت بار!» دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن.

بىراق، بىر كىچىك چېكەتكە سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرىشنى ئويلاپ، دېرىزىگە سەكرەپ چىقىپ، پارلاپ تۇرغان قۇياش، ھەر خىل گۈللەرنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئۇ بىرلا سەكرەپ ئېتىزلىققا كېلىپ قاپتۇ. تالادىكى چې-



كەتكە ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلار ناخشا ئېيتىپ، سەكرى-شىپ، تاغلارغا، جىلغىلار-غا بېرىپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك چېكەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىگە نىسبەتەن يېڭى بولغاچقا، بەكلا بىرىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئو-يۇننى ئويناپ، كۆلكىسىگە قانغاندا، قۇياش ئولتۇرۇشقا باشلاپ-تۇ. كىچىك چېكەتكە ئۆيىنى سېغىنىپتۇ. ئاپىسى، دادىسى، ئاكا - ئاچىلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ بىرلىكتە تاماق يېيىشنى، ناخشا ئېيتىپ، پاراڭلىشىشنى ئويلاپتۇ. بىراق كىچىك چېكەتكە ئۆيگە قايتىدىغان يولنى تونۇيالماپتۇ. ھەتتا ئۆز ئۆيىنىڭ قانداق ئى-كەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ.

ئۇ ھازىرغىچە يىغلاپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يولنى سوراپ يۈرەرمىش.



# چاشقانىنىڭ ساياھەت قىلىشى

بىر كىچىك چاشقان دېڭىز بويىغا بېرىپ ساياھەت قىلماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى قارشى تۇرۇپ: «بەكلا يىراق تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە يەردە يوشۇرۇن خەتەر بار، بېرىشقا قەتئىي بولمايدۇ!» دەپتۇ. كىچىك چاشقان قەتئىي ھالدا: «مەن بېرىشنى قارار قىلىپ بولدۇم، مەن دېڭىزنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقىمەن، سىلەر مېنى توسۇيالمايسىلەر!» دەپتۇ ۋە شۇ كۈنى سەھەردىلا يولغا چىقىپتۇ. ئۇ سەپەر جەريانىدا، مۈشۈك بىلەن يىلاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ. يەنە مەلۇم بىر قۇشنىڭ قوغلاپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىغىمۇ ئۇچراپتۇ. كىچىك چاشقان جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ھەر ھالدا ئامان قاپتۇ.

جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ، كىچىك چاشقان قىيا تاشنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ يېتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسىنى ئويلاپ، تەنھالىق ھېس قىلىپ، كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. بىراق ئۇ دېڭىز بويىغا بېرىش نىيىتىدىن يانماپتۇ. ئىككىنچى كۈنى، ئۇ ئاستا - ئاستا بىر تاغقا يامىشىپ چىققاندا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇچۇقچىلىق پەيدا بوپتۇ. كىچىك چاشقان ھاياجانلانغان ھالدا: «دېڭىز، مەن ئاخىرى دېڭىزنى كۆردۈم!» دەپ ۋارقىراپ

كېتىپتۇ. كۆز يەتكۈسىز دېڭىز، ئالتۇن رەڭ دولقۇنلار بىر ـ بىرىنى قىرغاققا ئۇرۇشماقتا ئىكەن. كىچىك چاشقان تاغ چوققىسىدا، ئاسمانغا قاراپ يېتىپ، يۇلتۇزلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا يوروشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈپ كېتىپتۇ.

ئۇ: ئەگەر ئاتا ـ ئانام مەن بىلەن بىرگە بۇ گۈزەل مەنزىرىدىن تەڭ ھوزۇرلىنالىغان بولسا قانچە ياخشى بولاتتى ـ ھە! دەپ ئويلاپتۇ.

— مانا بۇ مەسىلەر قىسقا بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇنى مول، كىشىنى ئويغا سالىدۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى مۆھتەرەم بوۋاي، — بۇلاردا ھايات ھەقىقەتلىرى، ھايات تەجرىبىلىرى ۋە تۇرمۇش بىلىملىرى تولىمۇ مول. شۇڭا، بۇنداق مەسىلەرنى كۆپرەك ئاڭلاپ، يادىڭدا تۇتۇۋېلىشقا ئەھمىيەت بەرگىن، كېيىنكى ھايات يولۇڭدا بۇلار ساڭا چوقۇم ئەسقېتىپ قالىدۇ.

— بايام سىز بۇ مەسىلەرنى سۆزلىگەندىلا، مەن بۇ مەسىلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ بەكمۇ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم، — دېدى بىلقۇتجان، — مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يادىمدا تۇتۇۋالدىم، بوۋا!

— ئۇنداق بولسا تولىمۇ ياخشى بوپتۇ، ئەمدى ساڭا تېخىمۇ ياخشى، قىزىقارلىق مەسىلەردىن سۆزلەپ بېرەي! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.

بىلقۇتجان پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاشقا باشلىدى.

# تورنىڭ قۇيرۇقى

تورنىڭ گۈزەل پەيلىرى بار بولۇپ، ئالەمدىكى بارلىق گۈزەللىك ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا مۇجەسسەملەنگەنىكەن، ئۇ قۇيرۇقىنى يايغان ۋاقىتتا بارلىق گۈللەرنى خىجىل قىلىۋېتىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇچۇش ۋە سايراش توغرىسىدا گەپ بولۇنغاندا، تورلار گۈزەللىكىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشىدىكەن.

— ناخشا ئېيتىشنى مەشىق قىلغىن، — دەپتۇ ئاق قۇ دوستىغا كۆكۈل بۆلۈپ ۋە تەكلىپ بېرىپ، — ئاڭلىسام بۇلبۇلنىڭ بىر ناخشا ئېيتىپ قويۇپ قىلىدىغان كىرىمى قېرى كالىنىڭ ئېتىزلىقتا تەرلەپ - پىشىپ يېرىم يىل ئىشلەپ تاپقان كىرىمىدىن يۇقىرى ئىكەن، ئەگەر سەن بىر ناخشىچى بولۇپ يېتىلىپ چىققان بولساڭ، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!

— رەھمەت، — تور دولقۇنغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان جانىۋار ئەمەس ئىكەن، ئۇ ئەركىن - ئازادە كۈلۈپ تۇرۇپ، — قۇشلار ئارىسىدا مېنىڭدىنمۇ قابىلىيەتلىك ناخشىچىلار كۆرىمىڭ، بەلكىم ماڭا ئوخشاش رەڭگارەڭ قۇيرۇقلۇقتىن باشقا بىرى بولمىسا كېرەك. مەن بۇلبۇلنى دوراپ ناخشا ئېيتمايمەن، ھازىرمۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ ئۇنداق قىلمايمەن. تەڭرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماڭا كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان پەي ئاتا قىلغانىكەن، مەن مۇشۇ ئاجايىپ پەيلىرىم ئارقىلىق ئۆز قەدىر ـ قىممىتىمنى نامايان قىلىمەن، تۇرمۇشۇمغا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشىمەن.

ــ قارىغاندا، توزنىڭ ئۆزىگە خاس ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۇسۇلى بار ئىكەن ! ــ دېدى بىلقۇتجان هاياجانلانغان هالدا چۇرۇقلاپ، ــ دېمەك، هەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جاري قىلدۇرالىسىلا، هاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزەلەيدۇ. شۇنداقمۇ بوۋا؟

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق ! ــ دېدى مۆهتەرەم بوۋاي، ــ ئەگەر توز هەرقانچە چىرايلىق سايراپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى هېچكىم بۇلبۇل دېمەيدۇ، بۇلبۇلنىڭ پەيلىرى هەرقانچە رەڭدار بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، هېچكىم ئۇنى توز دېمەيدۇ. مۇشۇ بويىچە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، هەركىم ئۆز قابىلىيىتى يېتىدىغان ئىشنى قىلىشى، چامىسى يەتمەيدىغان ئىشقا چات كىرىۋالماسلىقى كېرەك. شۇندىلا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

ــ چۈشەندىم، بوۋا ! ــ دېدى بىلقۇتجان.

ــ ئەمدى كالىنىڭ ۋەقەسىگە قۇلاق سال ! ــ دېدى مۆهتەرەم بوۋاي.

# كالا ئارغامچىسى

بىر كالا ئەركىنلىكى بوغۇلغان، مەنىسىز تۇرمۇشتىن بىزار بوپتۇ.

بىر ئىتنىڭ كۆندە دېگۈدەك قورسىقى تويمايدىكەن، بەزىدە ئىگىسى خاپا بولۇپ قالغاندا، تېخى ئۇنى تېپىپ، ئۇرۇپ كېتىدىكەن. شۇڭا ئىتمۇ ئىگىسىنىڭ ئىشىكىنى باقماسلىق قارارىغا كەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، كالا بىلەن ئىت ئىككىسى كەچتە بىرلىكتە قېچىپ كېتىشنى مەسلىھەتلىشىپ، تاغ ـ دالىدا ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى، ئىت كالا باغلانغان دەرەخ يېنىغا كەپتۇ ۋە كالىنىڭ بۇرنىغا سېلىنغان ئارغامچىنى چىشلەپ ئۈزمەكچى بولغاندا، كالا ئۇنى توسۇۋاپتۇ. ئىت ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭغا:

ــ سەن قارارىڭدىن يانغان ئوخشىمامسەن؟ ــ دەپتۇ.

كالا بېشىنى چايقاپ:

ــ ئۇنداق ئەمەس، مەن بۇ ئارغامچىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن، ئۇ ماڭا بىر قانچە يىل ھەمراھ بولدى. مەن شۇ پېتى كەتسەم ھېچنېمەم قالمايدۇ. ئۇنى ئېلىۋالاي. سەن ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەنىلا دەرەخقە باغلاقلىق يېرىدىن يەشكىن، — دەپتۇ.

ئىت ئامالسىزلىقتىن كالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئەسلىكتە كالا ئارغامچىسىنى دەرەختىن يېشىپتۇ. كېيىن ئۇلار بىرلىكتە كەڭ دالىغا قاراپ قېچىپتۇ.

ئىت ئۇچقاندەك يۇگۇرۇپ تاغ باغرىغا بېرىپ، كالىنى ساقلاپ ئارقىسىغا قارىغاندا، ئىگىسىنىڭ كالىنى يېتىلەپ ئارقىسىغا يانغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەسلىدە، كالا ئىتنىڭ ئارقىسىدا قالغاچقا، ئويلىمىغان يەردىن ئۇزۇن ئارغامچا تاشقا ئىلىنىشىپ قېلىپ ھەر قانچە كۈچىسىمۇ، ئارغامچىنى چىقىرالماي تۇرغاندا، ئىگىسى ئۇنى تۇتۇۋالغانىكەن.

بىلقۇتجان بۇ ئاجايىپ مەسەلنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بوۋا، شۇنىڭغا قارىغاندا، ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا ئۇزۇل - كېسىل قىلىش، ئازراقمۇ يوچۇق قالدۇرماسلىق كېرەك ئىكەن جۇمۇ! — دېدى، بېشىنى چايقاپ، — كالا ئارغامچىسىدىن كىچەلمەي ئاخىر يەنە ئىگىسىگە تۇتۇلۇپ قالدى. بۇ چوقۇم ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىكەن.

مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى ۋە ھايال قالمايلا، يەنە بىر مەسەلنى باشلىدى.

# بۆرە بىلەن تۈلكە

ئۆتكەن زاماندا بۆرە بىلەن تۈلكە دوست بوپتۇ. لېكىن كۈنلەر ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بۆرە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، تۈلكىنى بىر خىزمەتكار ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغىلى باشلاپتۇ.

بىر كۈنى تۈلكە بۆرىگە:

— بۇ خۇيۇڭنى تاشلا! يوغانچىلىق قىلما! ئەگەر سەن شۇ خۇيۇڭنى تاشلىمىساڭ ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولمايدۇ، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ. بۆرە بۇ سۆزدىن دەرغەزەپ بولۇپ، بىر مۇشت سالغان ئىكەن. تۈلكە تىك موللاق چۈشۈپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، بۆرىنىڭ كۆزىگە قاراپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ.

— جانابى بۆرە تۆرەم، مەن مۇندىن كېيىن ساڭا مۇنداق چاقچاق قىلمايمەن. ھۆكۈمالار «سورىمىغان سوئالغا جاۋاب بەرمە» دېگەن، مەن بۇ ھېكمەتلىك سۆزگە ئەمەل قىلمىغانلىقتىن تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىدىم. گۇناھ ئۆزەمدە، مەن كۆڭۈللىرىنى چىگىپ قويدۇم. ناھايىتى پۇشايماندىمەن. توۋا قىلدىم، — دەپتۇ.

بۆرە كۈلۈپ، ئاچچىقىدىن يېنىپ، تۈلكىنىڭ ئۆزرىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قوبۇل قىپتۇ.

تۆلكە كۆڭلىدە بۆرىگە ئاداۋەت ساقلاپ، ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ يۈرۈپتۇ. تۆلكە قانداق ئۆچ ئېلىش خىيالى بىلەن يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باغنىڭ تېمىدىكى بىر تۆشۈكنى كۆرۈپتۇ. ئۇ، ئادەملەر بۇ تۆشۈكنى بەھۇدە قويمىغان بولسا كېرەك، بۇ يەردە بىر ھىيلە بولسا ئېھتىمال، دەپ ئويلاپتۇ. ئاستا تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا بېرىپ قارىسا، ئۇياقتا بىر ئورنىنىڭ بارلىقى مەلۇم بوپتۇ. مانا بۇ يەرگە بۆرىنى ئالداپ كېلىپ ئۆجۈقتۇرۇش مۇمكىن دەپ ئويلاپتۇ تۆلكە ۋە كۆڭلى خۇشاللىقتا تولۇپتۇ.

تۆلكە دەرھال بۆرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:

— جېنىم ئاغىنە، مەن بىر باغقا كىرىدىغان ئەپلىك يول تاپتىم. باغدا مېۋىلەر پىشىپ مەي بولۇپ كېتىپتۇ. بىرگە بېرىپ باغ سەيلىسى قىلىش پەيتى كەلدى، — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بۆرىنىڭ ئېغىزىدىن سېرىق سۇ ئېقىپتۇ - دە، تۆلكىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ مېڭىپتۇ. تۆلكە ئۇنى باشلاپ ھېلىقى تۆشۈككە ئېلىپ كەپتۇ. بۆرە تۆشۈككە قەدەم قويۇپتۇ - دە، ئورىغا چۈشۈپتۇ. تۆلكە قاتتىق بىر ۋارقىراپ قېچىپ كېتىپتۇ. دېھقانلار تۆلكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئەرەپ - تەرەپتىن تاياق - كالتەك كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ بۆرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

— بۇ بىر قانچە مەسىلىنى ئاڭلاپ قانداق تەسىراتقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى مۆھتەرەم بوۋاي.

بىلقۇتجان ئويلانغان هالدا:

— بوۋا، بۇ مەسەللەر قىسقا - قىسقا، مېغىزلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە هېكمەتكە تولغان ئىكەن، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — يەنە بىر تەرەپتىن، تولىمۇ قىزىقارلىق ئىكەن. بىر ئاڭلىسىلا ئادەمنىڭ يادىدا قالىدىكەن. بۇ مەسەللەردە سۆزلەنگەن هېكمەتلەر، هايات تەجرىبىلىرى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى.

— سىنىڭ تەسىراتىڭ هەر هالدا ئەتراپلىق بوپتۇ، — دېدى مۆهتەرەم بوۋاي قايىل بولۇپ، — ئۇنداق بولسا، مەن ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرماي. ساڭا تېخىمۇ قىزىقارلىق مەسەللەردىن سۆزلەپ بېرىشكە تىرىشاي.

— مۇمكىن بولسا، شۇنداق قىلىڭ بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# چاشقاننىڭ ئاقىۋىتى

قەدىمكى زاماندا بىر ئورمانلىقتا بىر دانىشمەن بوۋاي ياشايدىكەن. ئۇنىڭ بىر خاسىيەتلىك ھاسىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى بوۋاي ناشتا قىلىپ ئولتۇرسا، «ۋاي قۇتۇلدۇرۇڭلار! ۋاي، ئادەم بارمۇ!» دېگەن ئىنچىكە بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بوۋاي ئالدىراپ تالاغا چىقسا، بىر تۈلكە كىچىك بىر چاشقاننى چىشلىگەن پېتى يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغۇدەك. چاشقان بولسا ھەدەپ يىغلاپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ تېپىرلاۋاتقۇدەك.

بوۋاي يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ تۈلكىگە ئاتقانىكەن. تۈلكە شۇ جايدىلا تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. تۈلكىنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلغان ھېلىقى چاشقان خۇشاللىقىدا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بوۋاينىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، تىزلىنىپ تەزىم قىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ:

ــ سىزگە كۆپ رەھمەت بوۋا، سىز بولمىغان بولسىڭىز مەن تۈلكىنىڭ قولىدا تۈگەشكەن بولاتتىم، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، ــ دەپتۇ. بوۋاي چاشقانغا قاراپ:

ــ سەن بەك كىچىك ئىكەنسەن. ھەممىسىلا سېنى بوزەك قىلىدىكەن. مەن سېنى چوڭراق بىر جانىۋارغا ئايلاندۇرۇپ قوياي، ــ دەپتۇ ۋە ھاسىسىنى چاشقاننىڭ ئۈستىدە ئۈچ نۆۋەت

ئايلاندۇرغانىكەن، چاشقان بۇرۇتلىرى دىڭگايغان، يوغان بىر ئالا مۇشۈككە ئايلىنىپ قاپتۇ. مۇشۈك بوۋايغا تەزىم قىپتۇ ـ دە، ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى مۇشۈك يەم ئىزدەپ يۈرگەن بىر ئاچ بۆرىگە يولۇقۇپ قاپتۇ. مۇشۈك ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ ئېگىز بىر قارىغاينىڭ ئۇستىگە چىقىۋېلىپ ئاران قۇتۇلۇپتۇ. بۆرە قارىغاينىڭ ئاستىدا ساقلا ـ ساقلا ئاخىرى كېتىپ قاپتۇ. مۇشۈك دەرەختىن ئالدىراپ ـ تېنەپ چۈشۈپ، ئۇدۇل بوۋاينىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ.

— ۋاي، جېنىم بوۋا، — دەپتۇ ئۇ بوۋايغا يالۋۇرۇپ، — باشقىلار ماڭا ئارامچىلىق بەرمەيۋاتىدۇ. مېنى ئەڭ چوڭ، ئەڭ باتۇر ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويسىڭىز، ياخشىلىقىڭىزنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايتتىم.

بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ:

— ماقۇل، مەن سېنى ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى، ئەڭ نوچىسى بولغان يولۋاس قىلىپ قوياي. لېكىن شەرتىم شۇكى، يولۋاس بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭنى كەمتەر تۇتىسەن، كىچىك ھايۋانلارنى بوزەك قىلمايسەن، بارلىق ھايۋانلار بىلەن ئېجىل ـ ئىناق ئۆتىسەن، — دەپتۇ.

— چوقۇم ئېيتقىنىڭىز بويىچە ئىش كۆرىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ بوۋا، — دەپتۇ مۇشۈك خۇشاللىقىدا.

بوۋاي ھاسىسىنى ئۈچ نۆۋەت ئايلاندۇرغانىكەن، مۇشۈك بىردىنلا سۈرلۈك يولۋاسقا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ بوۋايغا تەزىم قىپتۇ ـ دە، ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. يولۋاس دەسلىپىدە

www.uyghurkitap.com



بىر نەچچە كۈن ياۋاش، ئەدەپلىك يۈرۈپتۇ. بارا ــ بارا ھەددىدىن ئېشىپ باشقا ھايۋانلارنى بوزەك قىلىپ، ھەر تەرەپكە قوغلاپ ــ سۈرۈپ ئارام بەرمەپتۇ. بىر كۈنى پۈتۈن ھايۋانلار يىغىلىپ بوۋايغا ئەرز قىپتۇ. بوۋاي يولۋاسقا نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ، يولۋاسنى ئىزدەپ، ئۇنى مىڭ تەستە ئېگىز قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ، گۆش يەپ ياتقان يېرىدىن تېپىپتۇ. ھايۋانلارمۇ بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بېرىپتۇ.

يولۋاس بوۋاينىڭ كەلگىنىگە پىسەنت قىلماپتۇ. بوۋاي نەسىھەتنى باشلىغانىكەن، يولۋاس كۆرەڭلىك بىلەن ھۆركىرەپ كېتىپتۇ:

— ھەي ئالجىغان قېرى، كىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ غوجاكاڭ پۈتۈن تاغنىڭ پادىشاھى، ھايۋانلارنىڭ سەركەردىسى، مېنىڭ ئارام ئېلىشىمغا دەخلى قىلماي يوقال كۆزۈمدىن!

بوۋاي ئالدىرىماي سۆزلەپتۇ:

— سېنىڭ كىملىكىڭنى ئوبدان بىلىمەن، سەن قوشقاچتىنمۇ كىچىك بىر مەخلۇق ئىدىڭ. ساڭا ئىچىم ئاغرىپ سېنى مۇشۇنداق يولۋاس قىلىپ قويغانىدىم. يولۋاس بولۇشنىڭ ئالدىدىكى چىرايلىق ۋەدىلىرىڭ قېنى؟

بۇنى ئاڭلىغان يولۋاس چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان پېتى غەزەپ بىلەن بوۋايغا ئېتىلىپتۇ.

بوۋاي خاسىيەتلىك ھاسىسىنى بىر ئايلاندۇرغانىكەن، ھېلىقى يولۋاس بىردىنلا كىچىككىنە، ئۆلەرمەن، رەزگى چاشقانغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

بوۋاي چاشقانغا قاراپ:

— سەن ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان تۇزكور نېمىكەنسەن، ئا-خىرى چاشقانلىقىڭنى قىلدىڭ، بار، چاشقان پېتىڭچە يۈرۈۋەر ! — دەپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان بارلىق جانىۋارلار خۇشاللىقىدا ناخشا ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ كېتىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ھەممىلا جان - جانىۋارلار چاشقاننى نەدىلا كۆرسە شۇ يەردە لەنەت ياغدۇرىدىغان بوپتۇ. چاشقانمۇ كۇندۇزى تۆشۈكتىن چىقىشتىن قورقۇپ، پەقەت ئاخشىمى ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندىلا ئوغرىلىقچە سىرتقا چىقىدىغان بوپتۇ.

— ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇش بەزى كىشىلەردىكى ناھايىتى يامان خۇي، — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى بىلقۇتجان، — چاشقاننىڭ بۇ كەچۈرمىشى بىزگە «كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنۇتما، شىرەچورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دېگەن ھېكمەتنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. چاشقان ئۆز ئەسلىنى ئۇنۇتقانلىقى، ھەتتا شۇنچە زور شەپقەتلەرنى قىلغان خىسلەتلىك بوۋايغىمۇ قەست قىلغانلىقى سەۋەبلىق، ئەسلىدىكىدىنمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭدىن چوقۇم ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك.

— بۇ مەسەلنى خۇددى ماڭا ئوخشاشلا چۈشەندۇردۇڭ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي پەخىرلەنگەن ھالدا، — ئەمدى مېنىڭ بۇ ھەقتە سۆزلىشىمنىڭ ھاجىتىمۇ قالمىدى. ئەڭ ياخشىسى يېڭى - يېڭى مەسەللەردىن ئاڭلا!

بىلقۇتجان بېشىنى لىڭشىتىپ قايىللىقىنى بىلدۈردى. مۆھتەرەم بوۋاي مەسەل سۆزلەشكە باشلىدى.

# كۈننى كۆرۈش

چاشقان بىلەن تۆگە مۇنازىرىلىشىپ قاپتۇ:

— مەن ساڭا قارىغاندا كۈننى بالدۇر كۆرەلەيمەن ! — دەپتۇ تۆگە.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن سەندىن بالدۇر كۆرەلەيمەن ! — چاشقانمۇ بوش كەلمەي ۋارقىراپتۇ.

— بويۇڭغا بىر قاراپ باقمىنا، بىر نەچچە تال مويۇمچىلىكمۇ كەلمەيسەن، قارا، مەن دېگەن تاغدەك قامەتلىك تۇرمامدىم! شۇنداق تۇرۇپ يەنە تېخى مەن بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرماقچىمۇ سەن.

تۆگە سۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بىر كېچە كىرپىك قاقماي، شەرققە بويۇنداپ چىقىپتۇ.

چاشقان تۆگىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ غەربكە قاراشقا باشلاپتۇ. مۇغەمبەر چاشقان ئەتىگەندە قۇياش كۆتۈرۈلگەندە، ئاۋۋال غەربنى يورۇتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن، تۆگىنىڭ بۇنىڭدىن قىلچىمۇ خەۋىرى



يوق ئىكەن.

چاشقان تويۇقسىز تووۋلاپ كېتىپتۇ:

— تۆگىۋاي، قارا، مەن كۈننى كۆرۈپ بولدۇم، كەينىڭگە قاراپ باققىنا! — تۆگە ئۇنىڭغا ئىشەنمەي قارىسا، دەرۋەقە غەرب يورۇپ كەتكەنىكەن.

كىچىككىنە چاشقانچاق ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ كېلىدىغان تۆگىۋايدىن ئەقىللىق ئىكەن.

بىلقۇتجان كۈلۈپ كېتىپ، بوۋىسىنى يەنە بىر مەسەل ئېيتىپ بېرىشكە ئۈندىدى.



# ئەخمەق ئوۋچى

بۇرۇن بىر ئوۋچى بولغانىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئوۋ ئوۋلىغىلى چىقىپ، ئوت - چۆپ يەۋاتقان بىر توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، دەرھال مىلتىقىنى بەتلەپ ئۇنى قارىغا ئاپتۇ.

شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆڭلىگە مۇنداق بىر ئوي كەپتۇ: بۇ توش- قاننى ئوۋلاپ گۆشىنى يەپ، تېرىسىنى ساتسام، پۇلىغا چۈجىدىن بىرنى سېتىۋالسام، چۈجە چوڭ بولۇپ تۇغۇپ بەرسە، تۇخۇلىرىم كۆپەيسە، ئۇلارنى سېتىپ پۇلىغا موزايدىن بىرنى ئالسام، موزاي چوڭ بولۇپ بىرنى موزايلىسا، ئانا - بالا ئىككىسىنى قوشۇپلا سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئوبدان ئاتتىن بىرنى ئالسام، ئېتىم تازا سەمرىپ پۇلغا يارىغۇدەك بولغاندا، ئۇنىمۇ ئاپىرىپ سېتىۋېتىپ ئۆيلىنىۋالسام، ئايالىم بىر نەچچىنى يەڭگىسە، بالىلىرىمىز تالا - تۈزگە چىقىپ تازا ئوينىسا، ناۋادا بالىلىرىم باشقا بالىلار بىلەن سوقۇشۇپ قالسا، مەن ئۇلارنى: ھۇ قۇلاق كەس- تىلەر ...



ئۇ شۇنداق دېيىشى- گىلا، توشقان چۆچۈپ كېتىپ بەدەر تىكىۋېتىپ-

تۇ.

— ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىيال ئەنە شۇنداق شېرىن ۋە تۇتۇرۇقسىز بولىدۇ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي، — شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق يامان خۇيدىن چوقۇم نېرى تۇرۇشۇڭ كېرەك.

— چۈشەندىم، بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان.



# ئۆچكە بىلەن بۆرە

ئۆچكىلەر بىلەن بۆرىلەر دائىم سوقۇشىدىكەن، لېكىن نەچچە كۈن سوقۇشسىمۇ، بىر - بىرىنى يېڭەلمەيدىكەن. كېيىن، بۆرىلەر ئىتنىڭ كارامىتىدىن ئۆچكىلەرنىڭ يېڭىلمەيدىغانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. ئۇلار ھەر قېتىم ھە دەپ سوقۇشۇۋاتقاندا، ئىت بىرلا قاۋايدىكەن - دە، باشقا يەردىكى ئۆچكىلەرمۇ دەرھال يېتىپ كېلىپ، بۆرىلەرگە تەڭ تاقابىل تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى بۆرىلەر ئۆچكىلەرگە شۇنداق دەپتۇ:

— بىز ئىتنىڭ كاساپىتىدىن بىكاردىن - بىكار كۈندە دېگۈدەك ئۇرۇنسىز سوقۇشۇۋاتىمىز، ئىت دېگەن بۇ نېمىلەر كېچە - كۈندۈز كاڭشىپ ھەممىمىزنىڭ ئارامىنى قويمايۋاتىدۇ. ئەگەر ئارىمىزدا شۇ كاساپەت بولمىغان بولسا، بىز ئاللىقاچان يارىشىپ قالغان بولاتتۇق. ئىتلارنى ھەيدىۋەتكەن بولساڭلار، ئەپلىشىپ قالغان بولساق دېگەن ئۈمىدتىمىز، ئەگەر بىزگە ئىشەنسەڭلار، بالىلىرىمىز-



نى سىلەرگە رەنگە قويساقمۇ بولىدۇ.

ئۆچكىلەر ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق دەپ ھېسابلاپ، ئىتلارنى ھەيدىۋېتىپ، بۆرىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كەپتۇ.

كەچ كىرىشى بىلەنلا، بۆرە بالىلىرى ئانىلىرىنى ئىزدەپ غەلۋە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۆچكىلەر ھەر قانچە پەپىلىسىمۇ، ئۇلار يىغلاپ - قاقشاپ، ئەتراپنى بېشىغا كىيىپتۇ. كېچىدە بۆرىلەر بالىلىرىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قوشۇن تارتىقىنىچە ئۆچكىلەرگە شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەپتۇ. ئۇلار دەر غەزەپكە كېلىپ:

— سىلەر نېمىدەپ بالىلىرىمىزنى بوزەك ئېتىپ يىغلىتىۋېرىسىلەر؟ سىلەر گېپىڭلاردا تۇرمىغاندىكىن، بىزمۇ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايمىز، — دېگىنىچە بالىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلاش - چولاش ئۆچكىلەرنى قورشىۋاپتۇ - دە، ھەممىسىنى پاك - پاكىز يەۋېتىپتۇ.

ھېلىگەرلىك، ئاچ كۆزلۈك تەسۋىرلەنگەن بۇ مەسەل ھەققىدە بىلقۇتجان ئازراق توختالغاندىن كېيىن، مۆھتەرەم بوۋاي يەنە يېڭى مەسەل باشلاپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئالا كۆڭۈل ھەمراھ

ئىككى ئادەم ئورمانلىقتا ساياھەتكە چىقىپتۇ. ئىگىزى پاكىرىغا دەپتۇ:

— ناۋادا بىرەر يىرتقۇچ ھايۋانغا يولۇقۇپ قالساق، بىر - بىرىمىزگە ھەمدەم بولايلى، جۇمۇ!

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز - دە! — دەپتۇ پاكىرى.

ئۇلار بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز بىر شىر ئۇلارغا قاراپ ئېتىلىپ كەپتۇ. شىرنى كۆرگەن ئېگىز ئادەم باياتىن دېگەنلىرىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ، ھەمراھىنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشىگە قارىماي، جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. پاكار ئادەم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، تىت - تىت بولۇپ قورقۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ دەرەخكە چىقىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ھودۇقۇپ كەتكەنلىكتىن چىقالماپتۇ، ئاڭغىچە شىر يېقىنلاپلا قاپتۇ. جىددىيچىلىكتە ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ - دە، دەرھال يەردە يېتىۋاپتۇ.

شىر يېتىپ كېلىپ ئۇنى پۇراپ باققاندىن كېيىن، ئۆلۈك ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ كېتىپ قاپتۇ. دەرەخكە چىقىۋالغان دارازا شىرنىڭ يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرەختىن چۈشۈپ،

ھىجايغىنىچە پاكاردىن سوراپتۇ:

— بۇرادەر، باياتىن شىر قولىقىغا پىچىرلىغاندەك قىلىۋاتاتتى، ئۇ ساڭا زادى نېمە دېدى؟

— نېمە دەيتتى، دەرەخ ئۈستىگە مۆكۈۋالغان ئالدامچىدىن ھېزى بول، ئۇ تىلى شېكەر، دىلى زەھەر بىر نېمىكەن، ھەرگىز يەنە ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالغۇچى بولما! — دېدى، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پاكىرى.

— بوۋا، «دوستنىڭ دوستلۇقى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر» دېگەن ھېكمەت مانا مۇشۇنىڭدىن كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى بىلقۇتجان.

— ھەقىقىي دوست، ۋاپادار ئاغىنە پەقەت بېشىڭغا كۈن چۈشكەندىلا سىنىلىدۇ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي، — يۇقىرىقى مەسەلدىمۇ بىر - بىرىگە ئالەمچە ۋەدىلەرنى بەرگەن ئىككى دوستنىڭ ۋەقەسى سۆزلەنگەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى سىناقتىن ئۆتەلمىگەن، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ئەلۋەتتە ھەقىقىي دوستلۇق ھېسابلانمايدۇ. ئەمدى ئىت بىلەن بۆرىنىڭ دوستلۇقىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قۇلاق سال!

www.uyghurkitap.com



# ئىت بىلەن بۆرە

ئىت بىلەن بۆرە ئەسلىدە ياخشى دوستلاردىن ئىكەن. بۆرە ئورمانلىقتا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئوزۇقلۇق تېپىپ يەيدىكەن. ئىت ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ ئىگىسىدىن ئاشقان - تاشقان نەرسىلەرنى يەپ جان باقىدىكەن.

بىر كۈنى بۆرە ئەمدىلا ئوزۇقلۇق تېپىپ قايتىپ كېلىشىگە، ئىت ئورمانلىققا ئۇنى يوقلاپ بېرىپتۇ:

— ئاغىنە، سەن ئوزۇقلۇق ئىزدەيمەن دەپ، كۈنلۈكى ھەر تەرەپكە قاتراپ سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپسەن. مەن بىلەن بىللە ئارامخۇدا كۈن ئۆتكۈزسەڭ قانداق؟

بۆرە ئاغىنىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قارىسا، ئىت ھە دەپ سۆڭەك غاجىلاۋاتقۇدەك، سۆڭەكلىرى شۇنچە مەززىلىك ھەم كۆپ ئىمىش. بۆرىنىڭ دوستىنىڭ تۇرمۇشىغا مەستلىكى كەپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ سۆڭەكنى نەدىن تاپقانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. ئەتىسى ئۇ بۇنىڭ سىرىنى بىلىپ



باقماقچى بولۇپ، يوشۇرۇنچە يەنە ئىتنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇ بىر خالىي يەرگە بېرىپ كۆزەتسە، ئىت بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تاماق يېيىشىگە قاراپ شۆلگىيىنى ئېقىتىپ ئولتۇرارمىش، كىم بىرەر ئاشقان ئاش ـ نان ياكى سۆڭەك تاشلىسا، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېلىۋالارمىش. بەزىدە ئىگىسىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى يالاپ قىلىق چىقىرىپ كەتكۈدەك، خوجايىنىنىڭ كەپسىز ئوغلى بىر پارچە سۆڭەكنى ئۇنىڭ بېشىغا تاشلاپ قويسا، ئۇ سۆڭەكنى كاپپىدە چىشلەپ، قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتىپ رەھمەت ئېيتىپ كېتىۋاتقۇدەك، دوستىنىڭ بۇ خىل رەسۋا ئەپت ـ بەشىرىسىنى كۆرگەن بۆرە دەرھال كېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتقاچ ئۆز ـ ئۆزىگە: «خەقنىڭ ئۆيىدە بۇنداق ھاقارەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەندىن كۆرە، ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ، ئورمانلىقتا جان باققىنىم مىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ!» دەپ پىچىرلاپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، بۆرە ئىتقا ئوخشاش خەق تاشلاپ بەرگەن بىر تال سۆڭەككە زار بولۇپ تەلمۈرۈپ ياشىماستىن، بۇرۇنقىدەكلا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بەختلىك كۈن كەچۈرۈپتۇ.



— دەرۋەقە، بۆرىنىڭ بۆرىگە خاس جاسارەتكە ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ مۇشۇ خىل غورۇرىدىن كەلگەن بولسا كېرەك، — دېدى بىلقۇتجان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— بۇ ۋەقەنى تۇرمۇشقا، ئادەملەرگە تەتبىقلىغىنىمىزدىمۇ ئەنە شۇنداق يەكۈنگە ئېرىشىش مۇمكىن، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.

— بوۋا، بۈگۈن ئېيتىپ بەرگەنلىرىڭىزدىكى مەسەللەرنىڭ تۈگەپ قالمىغاندۇ؟ — بىلقۇتجان بىر ئازدىن كېيىن سورىدى.

— ياق، تېخى بار، ئەمدى دۆت بۇقىنىڭ ۋەقەسىنى ئاڭلىغىن! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.



# دۆت بۇقا

شىر، قاپلان، چىلبۆرە، بۇقا دوست بولۇشقا ئەھدە قىپتۇ. باشتا چىلبۆرە دوستلىرىنى مېھمان قىپتۇ. ئىككىنچى نۆۋەت قاپلان مېھمان قىپتۇ، ئاندىن نۆۋەت شىرغا كەپتۇ. شىر دوستلىرىنى سېخىيلىق بىلەن كۈتۈپ، ئۇلارنى ئوبدان رازى قىپتۇ.

ئەڭ ئاخىرقى نۆۋەت بۇقىغا كەپتۇ. بۇقىمۇ ئوبدان تەييارلىق قىلىپ دوستلىرىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. ھەممەيلەن ۋاقتىدا كەپتۇ. دوستلىرى تاماق يېگەچ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— بۇقىۋاي، غىزالىرىڭ تازا مەززىلىك بوپتۇ، لېكىن گۆش دېگەن نەرسە يوققۇ؟!

— سىلەرگە ئايان، بىز گۆش يېمەيمىز، شۇڭا سىلەرگىمۇ تەييارلىيالمىغانىدىم.

— سېنىڭ گۆش يېمەسلىكىڭ ئۆزۈڭنىڭ تەبىئىتىگە باغلىق ئىش، لېكىن بىزگە تەييارلاپ قويۇشۇڭ كېرەكتە! سەن خاتا ئىش قىپسەن. بۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن سېنى جازالاپ، بىر پۇتۇڭنى بىز يەيمىز، — ئۇلار شۇنداق دەپلا، بۇقىنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. شىر قاپلاننى بۇقىنىڭ گۆشىنى تەقسىم قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاپلان بۇقىنىڭ گۆشىنى بۆلگەچ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى يەۋېلىپ، قالغان يەرلىرىنى دوستلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ.

دوستلىرى بۇقىنىڭ يۈرىكى يوق تۇرغانلىقىنى بايقاپ، قاپلاندىن ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— بۇنىڭ يۈرىكى يوق تۇرىدىغۇ؟

— ئۇنىڭ يۈرىكىنى مەن يەۋەتتىم، بۇقىنىڭ يۈرىكى بولغان بىلەن مېڭىسى يوق ئىكەن، ئەگەر ئۇنىڭ مېڭىسى بولغان بولسا، بىز بىلەن دوست بولمىغان بولاتتى.

مۆھتەرەم بوۋاي ئۇلاپلا يەنە بىر مەسەلنى باشلىدى.



# دۇڭگۇ ئەپەندى

بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن مەملىكىتىمىزدە نۇرغۇن كىچىك بەگلىكلەر بولۇپ، جىن بەگلىكىدە دۇڭگۇ ئەپەندى دەيدىغان بىر خۇسۇسىي مەكتەپ مۇئەللىمى ئۆتكەنىكەن. ئۇ رەھىمدىللىكنى ياقلايدىغان، قانائەتچان، دىلى يۇمشاق ئادەم ئىكەن. ئۇ شاگىرتلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈل، دىلى يۇمشاق ئادەم بولۇشىنى تەكىتلەيدىكەن. ئۆزىمۇ شۇنچە كۆڭۈلچەك ئىكەنكى، پاشا چىقىپ قېنىنى شوراۋاتسىمۇ، پاشىغا ئىچى ئاغرىپ ئۆلتۈرمەيدىكەن. يول ماڭغاندا: چۇمۇلىگە دەسسەپ تاشلىماي، دەپ بەك ئاۋايلاپ، ئاستا دەسسەيدىكەن.

بىر كۈنى، دۇڭگۇ ئەپەندى ئۆيدە ئولتۇرۇپ، «ياخشىلىق قىلساڭ، ياخشىلىق كۆرىسەن» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىۋاتقاندا، شاگىرتلىرىدىن بىرى كىرىپ: «سەركەردە جاۋ جيەنزى لەشكەرلىرىنى باشلاپ جۇڭشەن بەگلىكىگە ئۇرۇش قىلىشقا بارىدىكەن» دەپ خەۋەر قىپتۇ.

بۇ خەۋەردىن دۇڭگۇ ئەپەندىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ ـ دە، جاۋ جيەنزى بىلەن كۆرۈشكىلى مېڭىپتۇ. جاۋجيەنزى بۇرۇن دۇڭگۇ ئەپەندىگە شاگىرت بولغانىكەن، جاۋجيەنزى ئوردىسىدا خەرىتە كۆرۈۋاتقاندا، دۇڭگۇ ئەپەندى تالادىن كىرىپلا:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



— سىز نېمىدەپ جۇڭشەن بەگلىكى بىلەن ئۇرۇش قىلىسىز؟ نېمىشقا پۇقرالارنى ئۆلۈم مەيدانىغا ئاپىرىسىز؟ — دەپ كايىپتۇ.

جاۋجيەنزى دۇڭگو ئەپەندىگە ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، مۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ:

— جۇڭشەن بەگلىكىدىكىلەر توختامغا خىلاپلىق قىلىپ، پۇقرالىرىمىزنى قىرىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتىدۇ، چوڭ دۈشمەن ئالدىدا پۇقرالار ئۆزىنى قوغدىشى كېرەكمۇ ياكى جىم ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشى كېرەكمۇ؟

دۇڭگو ئەپەندى جاۋاب بېرەلمەي، ئاخىر:

— قالايمىقان، بىھۇدە ئادەم ئۆلتۈرمەڭ، — دەپ تاپىلاپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، جاۋجيەنزىنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرى تارقىلىپتۇ، پۇقرالار شەلپەر تارتىپ، داقا - دۇمباق چېلىپ تەنتەنە قىپتۇ، بىراق شاگىرتلاردىن بىرى يەنە دۇڭگو ئەپەندىگە:

— جاۋجيەنزى جۇڭشەن بەگلىكىدە ھەر كۈنى ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقۇدەك، — دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. بۇ خەۋەردىن ئۇنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ، شىرەنى مۇشتلاپ، جاۋجيەنزىنى قارغاپتۇ.

ئەتىسى دۇڭگو ئەپەندى ئېشىكىگە بىر قاپ كىتابنى ئارتىپ، سەپەرگە چىقىپتۇ. يولبويى كىشىلەردىن جاۋجيەنزىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ تەۋەسىگە ئاز قالغاندا، يول بويىدا بىر ئايالنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى

كۆرۈپتۇ ـ دە، قىشىغا كېلىپ:

ـــ سىزگە نېمە خاپىلىق يەتتى، ئېرىڭىزنى جاۋجيەنزى ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇيا؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ ياق، بالامنى بۆرە يەپ كەتتى ! ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئايال.

دۇڭگو ئەپەندى ئايالغا تەسەللى بېرىپ، يولىغا راۋان بوپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر يەرگە كەلگەندە يىراقتىن توپا ـ چاڭ كۆرۈنۈپتۇ، بەلكى ئۇ يەردە جاۋجيەنزى ئادەملەرنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈۋاتسا كېرەك دەپ، ئويلاپتۇ دۇڭگو ئەپەندى. ئەمەلىيەتتە، جاۋجيەنزى ئۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالغان ۋەھشىي بۆرىلەرنى يوقىتىۋاتقانىكەن. شۇ ئەسنادا، قولىقى يارىلانغان بىر بۆرە جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. دۇڭگو ئەپەندى قورقىنىدىن چىرايىدا قان قالماپتۇ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تىترەپ تۇرغاندا، بۆرە ئۇدۇللاپ كېلىپ كۈتمىگەندە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپتۇ:

ـــ ۋاي تەقسىر، مەندىن قورقماڭ، مەن ئاق كۆڭۈل بۆرە، ئادەم يەيدىغان بۆرىلەردىن ئەمەس. كىشىلەر مېنى ئۆلتۈرۈشكە قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ!

دۇڭگو ئەپەندى تۇرۇپ كېتىپ:

ـــ راستتىن ئادەم يېمەمسەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ راست، راست. مەن ئەزەلدىن ئادەم يېگەن ئەمەس، ـــ دەپ تېخىمۇ يالۋۇرۇپتۇ بۆرە بىچارە قىياپەتتە.

دۇڭگو ئەپەندىنىڭ بۆرىگە رەھمى كەپتۇ. قاپتىكى كىتابلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەرگە تۆكۈپ بۆرىنى قاپقا سولاپتۇ، ئۈستىگە كىتابلارنى قاچىلاپ، قاپنىڭ ئاغزىنى بوغۇپتۇ ـ دە، ئاستىغا قويۇپ، كىتاب كۆرگەن بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

سەل ئۆتكەندىن كېيىن جاۋجيەنزى لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، دۇڭگو ئەپەندى يول ياقىسىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان. جاۋجيەنزى دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئۇستازىغا سالام بېرىشىگە، دۇڭگو ئەپەندى جاۋجيەنزىنى:

— نېمىشقا قالايمىقان ئادەم ئۆلتۈرىسىز؟ — دەپ ئەيىبلەپتۇ. جاۋجيەنزى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بۆرە يوقىتىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ، ئاندىن:

— ئالدىڭىزدىن بىر بۆرە ئۆتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. دۇڭگو ئەپەندى قەستەنگە:

— كۆرمىدىم، — دەپ يالغان ئېيتىپتۇ.

بىللە كەلگەن ئەسكەرلەر بۆرە ئىزىنىڭ مۇشۇ يەردە غايىب بولغانلىقىنى سېزىپ، تاغارنى ئاختۇرۇشقا تەمشەلگەندە، دۇڭگو ئەپەندى بەك ئاچچىقلاپ ئاختۇرغىلى قويماپتۇ. جاۋجيەنزى ئۇستازىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېتىپ قاپتۇ.

دۇڭگو ئەپەندى بايىقى كىشىلەرنى يىراققا ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن، كۆڭلى ئارام تېپىپ، بۆرىنى تاغاردىن چىقىرىپتۇ ۋە خالتىسىدىن بىر نان چىقىرىپ بۆرىگە تەڭلەپتۇ، بىراق بۆرە ئەزەلدىن نان يەپ باقمىغانلىقىنى، مەخسۇسلا گۆش يەپ چوڭ بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، دۇڭگو ئەپەندى ئېشىكنى بەرمەكچى بولغاندا، ئېشەكمۇ دەرھال جاڭگال تەرەپكە قېچىپتۇ. شۇ

ئەسنادا، بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتقان ھالدا دۇڭگۇ ئەپەندىنى يېمەكچى بولۇپ ئىتىلىپتۇ. دۇڭگۇ ئەپەندى:

— ۋايجان، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار! — دەپ شۇنچە ۋارقىرىسىمۇ ھېچكىم كەلمەپتۇ. ئاخىر بولماي بۆرىگە مۇنداق دەپتۇ، — بۇ ئەھۋالنى باشقىلارغا ئېيتىپ باقايلى، ئۇلار مېنى يېيىشىڭگە قوشۇلسا ئاندىن يېگىن.

بۆرە كۆڭلىدە: بەربىر مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەنغۇ، دەپ ئويلاپ، بۇ تەلەپكە كۆنۈپتۇ. دۇڭگۇ ئەپەندى بۆرىگە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ماڭا - ماڭا، بىر يەرگە كەلگەندە ئىتىزدا ئىشلەۋاتقان بىر قېرى دېھقانغا يولۇقۇپتۇ. دۇڭگۇ ئەپەندى قورقۇنچلۇقتا ئەس - ھوشىنى يوقاتقان بولغاچقا، سالام بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئەھۋالنى بوۋايغا ئېيتىپتۇ. بۆرىمۇ ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ:

— بۇ ئادەم مېنى تاغارغا سولىۋېلىپ، ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدى، — دەپ دادلاپتۇ.

بوۋاي بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، قاپتىكى كىتابلارنى يەرگە تۆكۈپتۇ - دە، ئاندىن بۆرىگە قاراپ:

— بۇ كىچىككىنە قاپقا سەندەك بىر بۆرىنىڭ پېتىشىغا ئىشەنمەيمەن، گېپىڭ راست بولسا، قاپقا يەنە بىر كىرىپ باققىن، ئەگەر پاتساڭ، بۇ ئادەمنى يېسەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئاچ كۆز بۆرە دۇڭگۇ ئەپەندىنى يېيىشكە ئالدىراپ «ماقۇل» دەپ قاپقا كىرىپتۇ. بوۋاي دەرھاللا قاپنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋاپتۇ، ئاندىن قولىغا كەتمەن ئېلىپ راسا ئۇرماقچى بولۇۋاتقاندا، دۇڭگۇ ئەپەندى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ئۇۋال بولدۇ. ئۇرماڭ! — دەپ توسۇۋاپتۇ. بوۋاي دۈگىگۈ ئەپەندىنى ئىتتىرىۋېتىپ، كەتمەننىڭ چۈلدىسى بىلەن بۆرىنى دۇمبالاۋېرىپتۇ...

بۆرە ئۆلەر هالەتكە يەتكەندە، ئۇنى تاغاردىن چىقىرىپتۇ. دۈگىگۈ ئەپەندى بۆرىگە ئىچ ئاغرىتىپ تۇرسا، بۆرە جان ئۈزۈۋېتىپ:

— ۋاي ئىست، سەن مولىنى ئەجەب يېيەلمىدىم - هە —! دەپ هەسرەت چېكىپتۇ. شۇ ئەسنادا، دۈگىگۈ ئەپەندى يولدا كۆرگەن هېلىقى ئايال كېلىپ:

— مېنىڭ بالامنى يېگەن بۆرە مانا مۇشۇ! — دەپ غەزەپ - نەپرەت ياغدۇرۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، جاۋجيەنزىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، بايا ئۆزىنىڭ بىخۇدلۇق قىلىپ كېتىپ قالغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ. ئۇ مۇلازىملىرىدىن بىرىگە بۆرىنىڭ قورسىقىنى يارغۇزغانىكەن، بۆرىنىڭ قورسىقىدىن نۇرغۇنلىغان ئادەم چىشى ۋە چاچ چىقىپتۇ.

خىجىللىقتىن يۈزى قىزارغان دۈگىگۈ ئەپەندى بوۋايغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۈن - تىن چىقارماي جاۋجيەنزىگە ئەگىشىپ قايتىپ كەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، دۈگىگۈ ئەپەندى ۋەهشىي بۆرىگە رەهىم قىلماسلىقنى، ۋەهشىي بۆرىدەك يامان ئادەملەرگىمۇ رەهىم قىلماسلىقنى بەل باغلاپتۇ. ئۇ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، هېلىقى پۈتمىگەن «ياخشىلىق قىلساڭ، ياخشىلىق كۆرىسەن» دېگەن ماقالىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، باشقىدىن «يامانىنى يوقات تۈگىگىچە، ئوتنى يۇل يىلتىزغىچە» دېگەن بىر ماقالىنى يېزىپ چىقىپتۇ.

— بوۋا، مەن بۇ مەسەلنى بىرنەچچە يىل ئاۋۋال بىر قېتىم ئاڭلىغاندەك قىلىمەن، — دېدى بىلقۇتجان ناھايىتى روھلۇق ھالدا، — سىز ماڭا بۇ مەسەلنى ئىلگىرى بىر قېتىم ئېيتىپ بەرگەندەك قىلغانىدىڭىز.

مۆھتەرەم بوۋاي بىردەم گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز لا:

— ھە، راست، بۇ مەسەلنى ساڭا بىر قېتىم ئېيتىپ بەرگەنىدىم، — دېدى ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، — ئەمما، ئۇ چاغدا سەن بەك كىچىك ئىدىڭغۇ؟! بىرىنچى سىنىپقىمۇ كىرمىگەن ئىدىڭ!

— ئەمىسە مەن يەسلىدە چېغىمدا ئېيتىپ بەرگەن ئوخشايسىز ! — دېدى بىلقۇتجان.

— ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى ! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي، - يەسلىدە چېغىڭدا، «دۇڭگو ئەپەندى» ناملىق بىر رەسىملىك كىتابنى ئېلىپ بەرگەنىدىم، ئۇنى قايتا - قايتا بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ، ساڭا يادلاتقۇزغانىدىم. شۇ ئېسىڭدە قاپتۇ - دە؟

— ھەئە، بوۋا!

— بۇ مەسەلدە دۇڭگو ئەپەندىنىڭ ناھايىتى رەھىمدىللىكى، ھەتتا ۋەھشىي بۆرىلەرگىمۇ رەھىم قىلىدىغانلىقى، ئەمما، بۆرىلەر ئادەملەرگە زىيان يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنداق قىلىشنىڭ ئەخمىقانىلىقى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ.

— مەن بۇنى تولۇق چۈشىنىۋالدىم، بوۋا!

— ئۇنداق بولسا، ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرماي، يەنە بىر مەسەل سۆزلەپ بېرەي!

www.uyghurkitap.com



# تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى

بىر كۈنى بايتال تايچىقىغا:

— بالام، سەن خېلى چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئەمدى ئاناڭنىڭ ئىشلىرىغا ئانچە - مۇنچە ياردەملەشكىن، ماۋۇ يېرىم قاپ بۇغداينى تۈگمەنگە ئاپىرىپ ئۇن تارتىپ كەلسەڭ قانداق؟ — دېدى.

— ماقۇل، ئانا! — دېدى تايچاق. ئۇ دەرھال يېرىم قاپ بۇغداينى ئۈستىگە ئارتىپ ئۇچقاندەك تۈگمەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ماڭا - ماڭا بىر دەرياغا كېلىپ قالدى. قارىسا، دەريادا كۆۋرۈك يوق ئىكەن.

تايچاق نېرىراق بىر يەردە تۇرغان بىر سىيىرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— سىيىر ھامما، مەن دەريادىن ئۆتۈپ تۈگمەنگە بارماقچىدىم، بۇ دەريانىڭ سۈيى بەك چوڭقۇرمۇ؟ — دېدى.



— ياق، ناھايىتى تېيىز! سۇ ئاران تىزىڭغا چىقىدۇ، — دېدى سىيىر.

— رەھمەت سىزگە، سىير ھامما! — دېدى تايچاق. ئۇ خۇشاللىق بىلەن دەريا بويىغا چېپىپ كېتىۋاتقاندا، تۇساتتىن بىر تىيىن سەكرەپ كېلىپ ۋارقىرىدى:

— ۋاي تايچاق، دەرياغا كىرمە، سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپ قالىسەن. تۈنۈگۈن مېنىڭ بىر دوستۇم سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپ كەتتى!

زادى كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىنىم تۈزۈك؟ — دەپ ئويلىدى تايچاق، — ھە، راست، ئەڭ ياخشىسى قايتىپ بېرىپ ئانامدىن سوراي.

تايچاق ئۆيگە بېرىپ، بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى ئانىسىغا سۆزلەپ بەردى.

— دەريا سۈيىنىڭ تېيىز ياكى چوڭقۇرلۇقىنى ئۆزۈڭ سىناپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئانىسى.

— ياق! — دەپ جاۋاب بەردى تايچاق.

— نېمىشقا سۇغا كىرىپ سىناپ باقمايسەن؟ بالام، سىير بىلەن تىيىن ھەر ئىككىسىلا توغرا ئېيتقان. سىيىرنىڭ بويى ئېگىز بولغاچقا، ئۇ دەريا سۈيىنى تېيىز دەيدۇ؛ تىيىنىنىڭ بويى پاكار بولغاچقا، ئۇ دەريا سۈيىنى چوڭقۇر دەيدۇ؛ ھەر قانداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە، باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا قالماي، مۇستەقىل ئويلاپ، سىناپ بېقىش كېرەك!

ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تايچاق قايتىدىن دەريا بويىغا كەلدى - دە، ئاۋايلاپ سۇغا كىردى. ئۇ دەريا سۈيىنىڭ تېيىزمۇ ئەمەس، چوڭقۇرمۇ ئەمەسلىكىنى سەزدى - دە، ئۇچقاندەك

چېپىپ دەريادىن ئۆتۈپ كەتتى.

— بالام، بۇ ھەقتە، كۆپ توختالمىساممۇ بولىدۇغۇ؟ — دەپ سورىدى مۆھتەرەم بوۋاي.

— مەن بۇ مەسەلىنى تولۇق چۈشىنىۋالدىم، — دېدى بىلقۇتجان، — ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئاۋۋال سىناپ بېقىش، ئاندىن ھۆكۈم قىلىش كېرەك!

مۆھتەرەم بوۋاي بېشىنى لىڭشىتقىنىچە، يەنە بىر مەسەلىنى ئېيتىشقا باشلىدى.



# كالا سىغىش

بىر خوجايىن ئائىلىسىدە بىر سىغىن كالا بېقىپتۇ ۋە كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كالىسىنى سېغىپ سۈتلۈك چاي تەييارلاپ نۇرغۇن مېهمان چاقىرماقچى بوپتۇ، بىراق ئۇ كۆڭلىدە: مېهمان چاقىرىشقا يەنە بىر ئاي ۋاقىت بار، ئاڭغىچە كالىنى سېغىۋەرگەندە، يىغىلغان سۈتنى ساقلىغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇنى ساغماي سۈتنى ئۇنىڭ قورسىقىدا ساقلىغىنىم تۈزۈك، مېهمانلار كەلگەندە بىر قېتىمدىلا ساغسام سۈت كۆپ چىقىدۇ ھەم مېهمانلار يېڭى سۈت ئىچەلەيدۇ ئەمەسمۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈت سېغىشنى توختىتىپتۇ ۋە ئېمىۋاتقان موزايىنىمۇ ئايرىۋېتىپتۇ.

مېهمان چاقىرىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كەپتۇ. مېهمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ بولغاندىن كېيىن، خوجايىن كالىنى قوتاندىن يېتىلەپ چىقىپتۇ ـ دە، مېهمانلار ئالدىدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمەكچى بوپتۇ، ئەپسۇسكى، ئۇنى سېغىپ بىر تېمىممۇ سۈت چىقىرالماپتۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ سۈتى ئاللىقاچان تارتىلىپ كەتكەنىكەن.

بىلقۇتجان بۇ مەسەلنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە بوۋىسىدىن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. مۆھتەرەم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بوۋاي چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— جېنىم بالام! بۇ مەسەل بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئارزۇسى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىسە، ئىش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. موزايلىق ئىنەكنى ھەر كۈنى سېغىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكى — بۇ بىر قانۇنىيەت. ئەگەر بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ، بىر ئايلىق سۈتنى بىر قېتىمدىلا سېغىۋېلىش مۇددىئاسىدا بولغاندا، ۋاقتى كەلگەندە بىر تېمىممۇ سۈت سېغىۋالغىلى بولمايدۇ.

— چۈشەندىم، بوۋا ! — دېدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي ھايالشمايلا، يەنە مەسەل ئېيتىشقا باشلىدى.



## يىڭناغۇچ بىلەن چۈمۈلە

كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر نەچچە چۈمۈلە يازچە يىغقان ئۇرۇقلىرىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر يىڭناغۇچ كېلىپ:

— دوستلىرىم، ياخشىمۇ سىلەر؟ سىلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىڭلار نېمىدېگەن جىق، ماڭا ئازراق بەرسەڭلارچۇ؟ — دەپتۇ.

— خوش، ياز كۈنلىرى ئۆزۈڭ قەيەرلەردە يۈردۈڭ، نېمىشقا قىشلىق ئوزۇق - تۈلۈكۈڭنى تەييارلىۋالمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ چۈمۈلىلەر.

— زادىلا چولام تەگمىدى، يازچە گۈللەرنىڭ ئارىسىدا ئويناپ يۈردۈم، — دەپتۇ يىڭناغۇچ.

— هە، شۇنداقمۇ؟ ياخشى، دوستۇم، ئۇنداق بولسا، بىزدىن رەنجىمە، يازنى ئويناپ ئۆتكۈزگەن بولساڭ، قىشنىمۇ ئويۇن - كۈلكە بىلەن ئۆتكۈز، — دەپ كۈلۈشۈپتۇ چۈمۈلىلەر.

— هەرقانداق جانىۋارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قىشنىڭ غېمىنى يازدا قىلىش ئەڭ ئاقىلانىلىك هېسابلىنىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى مۆھتەرەم بوۋاي، — ئۇنداق قىلمىغاندا، ئادەتتىكى ياشاش تەلپىگە يېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بۇ ئەنئەنىگە ئاڭلىق ۋارىسلىق قىلغاندا، نۇرغۇن

مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ.

— مەن ئىلگىرى بۇ گەپلەرنى كىتابلاردىلا كۆرگەنىدىم، — دېدى بىلقۇتجان، — ئۆتكەن يىلى كەچ كۈزدە يېزىغا بېرىپ، دېھقانلارنىڭ ئالدىراشلىق بىلەن ھوسۇل يىغىۋاتقانلىقىنى، يىغقان ئاشلىق، پاختا ۋە كۆكتاتلىرىنىڭ شۇ قىشلىقى ئۇچۇن تولىمۇ لازىمەتلىك بۇيۇملار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم ۋە «قىشنىڭ غېمىنى يازدا قىل» دېگەن ئەقلىيەگە رەسمىي ئىشەندىم.

— ئۇنداق بولسا، ئارتۇقچە چۈشەندۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي، — ئەمدى ئاخىردا بىر شېئىرىي مەسەلنى ئاڭلىغىن!



# قارلىغاچ بىلەن يىلان

قىش كېتىپ، كەلدى چىرايلىق ئەتىياز،
گۈل ـ گىياھ، بەرگى قىياقلار قىلدى ناز.
يەردە سۇ، ئاسماندا تورغاي ئېيتتى كۈي،
شوخ سابا تارقاتتى ھەر يان ئەتىر بۇي.
تالى مەجنۇنلار، سۆگەتلەر سالدى چاچ،
كەلدى ئىسسىق ئۆلكىدىن جۈپ قارلىغاچ.
دۆڭدىكى ئاپپاق ئېرەكنىڭ ئالدىدا،
يار بېشىدا بەك قولاي بىر دالدىدا؛
قارلىغاچ ئوبدان تۈزەپتۇ چاڭگىنى،
پەي ۋە ئوت ـ چۆپتە بېزەپتۇ چالمىنى.
ئۇۋىدا بىر جۈپ ۋاپادار قارلىغاچ،
گاھى قارنى توق بولاركەن، گاھى ئاچ.
شۇندىمۇ خۇش ۋاق ياشاپتۇ ئۇم ـ ئىناق،
يا ئۇرۇشماي، يا تالاشماي، ئىتتىپاق.
بىر كۈنى چۈشتە چىرايلىق مەشۇقى،
ئاشىقىغا بىر قاراپ دەپتۇ شۇنى:
ــــ ئامرىقىم، بەكمۇ يېقىندۇر ئاي ـ كۈنۈم،
غەم ئىچىدە ئۆيقۇسىز ئۆتتى كۈنۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بالىمىز چىقسا تۇخۇملاردىن بۇ رەت،
شۇم يىلان كۆزنى يەنە ئەيلەپ غەلەت؛
بالىجانلارنى چىقىپ ئەپقاچمىسۇن،
ئۇ بالاخور قارنىغا يەپ قاچمىسۇن.
تۆت تامانىنى تەكشۈرۈپ ئوبدان قاراڭ،
شادلىنىپ بولتۇرقىدەك بولماي گاراڭ.
گەر خەتەر بولسا ئۆيۈم يۆتكەپ كېتەي،
بىر خەۋپسىز جايغا مەن دەرھال يېتەي...
ئاشىقى شۇ دەم ئۇچۇپتۇ ھەر قايان،
مەشۇقى ھەمدەم بولۇپتۇ يانمۇيان.
بۇ ئېگىز يارلىقنى ئوبدان ئاختۇرۇپ،
قاپتۇ بەك قوشنا ـ قولۇمنى ياقتۇرۇپ.
كۆنچىقىش ياقتا بولۇپ سانسىز كامار،
قارلىغاچ، قۇشقاچ ئۆيى باركەن قاتار.
مەلىدە قاينار ئىكەن قوۋناق ھايات،
ئۆم ـ ئىناق ئوينار ئىكەن ئۇچار قانات.
ئاشىقى دەپتۇ : — جېنىم، باسقىن تۇخۇم،
بايقىسام ئوبدان ئىكەن قوشنا ـ قولۇم.
بىر بالا چىقسا ئەگەر تۇرماس قاراپ،
بىزنى خەۋپتە قالدۇرۇپ كەتمەس تاراپ.
نېرىدىن تۇغقان كېلىپ ئەسقاتقۇچە،
ھەم ساڭا ھەمدەم بولۇپ جان قاتقۇچە؛
قوشنىلار دەرھال بولار جانغا ئارام،

بولمىغاي قانۇ قىرىنداشتىنىمۇ كەم.
مەشۇقى دەپتۇ : ــ جېنىم، شۇنداق قىلاي،
سۆزلىرىڭنى ئاڭلىماي قانداق قىلاي؟
ماكىمۇ مۇنداق ماكان قالدى ياراپ،
تۇرمىغاندۇ شۇم يىلان مۇندا ماراپ.
مەن باساي مۇندا تۇخۇم ئاۋۇالقىدەك،
بالىجان كۆرگۈم كېلەر سەندىنمۇ بەك.
مەن ئۇلارنى ئارزۇلاپ باغرىم ياقاي،
پەي ـ قانىتىنى تاراپ ئوبدان باقاي.
قىش يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ بولسۇن ئۇچۇم،
كەتمىگەي شۇندا مېنىڭ بوشقا كۈچۈم.
سەيلە قىلىپ كۆكتە ئۇلار ئۇچسا كۆرەي،
ئەل ئارا كۆكرەك كېرىپ مەنمۇ يۈرەي.
شۇنى دەپ تۇغدى تۇخۇم، باستى ئۇنى،
پەرۋىش ئەيلەپ باغرىدا كۈندۈز ـ تۈنى.
ئاشىقى ھەر كۈنلۈكى ئەكەلدى يەم،
تۇمشۇقى بىرلە توشۇيتتى سۇمۇ ھەم،
مەشۇقى مۇنداق دېدى بىر كۈن خۇشال:
ــ بالىجان چىقتى، قاراڭ، تاشلاپ شاكال.
ئاز ئۆتۈپ پەي ۋە قانات چىققاي گۈزەل،
كۆك ئارا ئۇچقاي تازا ئېيتىپ غەزەل.
ئاشىقى ئۇچتى خۇشال، مەشۇقمۇ ھەم،
بىر نەپەس ئالماي ئارام ئەكەلدى يەم.

بار ئىدى بۇ چەتتە بىر تاقىر ئېدىر،
يا گىياھ، يا جانىۋار قىلماس مىدىر.
نە ئۇچۇنكى ئوت ـ گىياھ ئۈنمەس ئىدى،
قۇش ـ قۇرت، يا جانىۋار كۆنمەس ئىدى.
شۇ ئېدىرنىڭ باغرىدا تاش بار ئىدى،
ئاشۇ تاشنىڭ ئارقىسى بىر غار ئىدى.
غار ئىچىدە بار ئىدى ياۋۇز يىلان،
كۆڭلىدە قۇرماق ئىدى نۇرغۇن پىلان:
ئاشۇ يارنىڭ باغرىدا سانسىز كامار،
ھە، ئۇنى قىلغان ماكان جان ـ جانىۋار.
ھەممىسىنىڭ چىشىسى باستى تۇخۇم،
مەن ئۇلارغا يېگۈزەي زەھەر ـ زەقۇم.
خېلى بولدى كۆرمىدىم تۇرلۇك غىزا،
ئىچ ـ ئىچىم ئوغا بىلەن توشتى تازا.
بۇ ئېدىرنىڭ ئوڭ ـ سولدىن چىقتىم كېزىپ،
قۇش، قۇرت كەتكەنىكەن مۇندىن تېزىپ.
ئۇچرىغانىنى ئۆلتۈرۈپ بولدۇم چىقىپ،
قالغىنى كەتتى تاراپ قورقۇپ قېچىپ.
مەن ئۆزۈم باتۇر نېمە، قورقماس يۈرەك،
ھەممىسى نىمجان ـ ئۆلۈك مەندىن بۆلەك.
يار بېشىغا بىر بېرىپ سويلاپ باقاي،
بىر تۇخۇمنى قالدۇرۇپ قويماي يۇتاي،
ھاۋادا ئۇچقانىنى دەم تارتىپ تۇتاي.

كىم ئۇنى ئۇچسۇن دېگەن پەرۋاز قىلىپ،
ئۇ ئۇچارمۇ مەن يىلان يەردە قېلىپ.
ھەممىسى كۆرسە مېنى دىر تىترىسۇن،
بۇ ماكاننى قالدۇرۇپ تېز پىترىسۇن،
دەپ يىلان يول سالدى تېز تىك يار تامان،
قارىندا يۇزلەپ چايان قاتراپ ھامان.
گۈل ـ گىياھ كۆرگەچ ئۇنى پېشكەل بولۇپ،
پۇت ـ قولىغا يامىشىپ ئىشكەل بولۇپ:
شوخ شامالغا شۇ ھامان قىلدى خەۋەر:
ــ يار بېشىغا يەتكۈزۈڭ، كەلدى خەتەر.
ھەممىسى تۇرسۇن بۇگۈن تەييار بولۇپ،
بىر ـ بىرى بىرلە قېرىنداش، يار بولۇپ.
بۇ تەرەپكە كەلدى شۇ، ھەييار يىلان،
قورسىقىغا ھەم پۈكۈپ مەككار پىلان.
ئۇ تىرىك بولسا ئارامىلىق يوق ئىكەن،
ئۇ تىرىك جانغا قادالغان ئوق ئىكەن.
ئۇ ياۋۇزغا بەرگۈلۈك ئادىل جازا،
شۇندىلا ھەر بىر كۆكۈل كۈلگەي تازا.
شوخ شامال ئاڭلاپ بۇنى كەتتى ئۇچۇپ،
يار بېشىغا شۇ ھامان يەتتى ئۇچۇپ.
ئاڭلىغاننى بارچىغا قىلدى خەۋەر:
ــ تېز بولۇڭلار، بۇ تامان كەلدى خەتەر.
يار بېشىغا يامىشىپ ھەييار يىلان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



جان ـ جېنىڭنى ئالغىلى تەييار يىلان!
جان قېرىنداشلار، قىلىڭ تېزرەك ئامال، ــ
دەپ خەۋەرنى تارقىتىپ كەتتى شامال.
قارلىغاچنىڭ مەشۇقى ئاڭلاپ بۇنى،
ماغدۇرى كەتتى، ئۇنىڭ چىقماي ئۈنى.
ئۇ دېدى : ــ بولدى، بۈگۈن ھەر نە كۆرەي،
بالىلىرىمنى تاشلىماي بىللە ئۆلەي.
ئاشىقى كۆكتە ئۇچۇپ قىلدى نىدا،
مەلىنى بىر ئالدى بۇ كۈچلۈك سادا.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلىشىپ قۇشلار شۇئان،
قوردى دەم يىلاننى بابلاشقا پىلان.
چوڭ ـ كىچىك قىلماق بولۇپ بىردەك ھۇجۇم،
ــ نەدە، ــ دەپ سالدى نەزەر، ــ ھەييار ئۇ شوم.
شۇ مەھەل چىقتى يىلان «كۈش ـ كۈش» قىلىپ،
ھېچ چىقالماي ئۇۋۇغا پۈش ـ پۈش قىلىپ.
بارچە قۇشلار جەم بولۇپ، ئوقتەك ئۇچۇپ،
گاھى ئېگىز، گاھى بولسا پەس ئۇچۇپ.
ھەممىسى بىردەك كېلىپ بىردىن چوقۇپ،
شوم يىلانغا تاشلىنىپ بىردەك نوقۇپ؛
تويدۇرۇشنى ئۇ ياۋۇزنى جېنىدىن،
يەر بويالدى ئۇ زەھەرنىڭ قېنىدىن.
بىرى چىشلەپ قۇيرۇقىدىن «شاق» قىلىپ،
كۆككە ئۆرلەپ يەرگە ئاتتى «ۋاق» قىلىپ.

بۇ ئويۇننى ئوينىششتى نەچچە رەت،
قىيما ـ چىيما بولدى يىلان ئاقىۋەت.
ئۇ چۇمۇلە قوۋمىگە بولدى غىزا،
بۇ زىياپەت ئەھلىنى قىلدى رىزا.
بارچە قۇش ئوقچۇپ ھاۋادا يايرىدى،
ھەممىسى ئېيتىپ غەزەل شوخ سايرىدى.
كۆكتە پەرۋاز ئەيلىدى جۇپ قارلىغاچ،
ئەلنى مەپتۇن ئەيلىدى زەپ سايرىغاچ.

مۆھتەرەم بوۋاي بۇ شېئىرىي مەسەلنى ئىشتىياق بىلەن ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، بىلقۇتجانغا:

— بالام، بۇ مەسەلدىن نېمىلەرنى چۈشەندىڭ؟ — دەپ سورىدى.

بىلقۇتجان تەمكىنلىك بىلەن:

— بوۋا، بۇ مەسەلنىڭ تىلى ئاجايىپ پاساھەتلىك ۋە يېقىشلىق ئىكەن! — دېدى ھاياجانلىنىپ، — مەن بۇ مەسەلدىن بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كەلگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

— مۇمكىن بولسا، بۇ شېئىرىي مەسەلنى يادلىۋال ۋە ساۋاقداشلىرىڭغىمۇ ئېيتىپ بەر! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.

— ماقۇل بوۋا! مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ تۇراتتىم! — دېدى بىلقۇتجان ۋە مەسەلنى يادلاشقا باشلىدى.

كىتاب ئىسمى: بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى
تۈزگۈچى: شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتى
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار، يالقۇن روزى
لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر تۇرسۇن
خەتتات: ئىرشات ئىزىز
رەسسام: مەخمۇتجان تۇردىنىياز
نەشرىيات: شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسما زاۋۇت: ئۈرۈمچى لوڭيىندا باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2011 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2011 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
باھاسى: 240 يۈەن (جەمئىي 30 تۇر، يەككە باھاسى 8 يۈەن)

www.uyghurkitap.com

教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

# بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى




# تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى

## Taychaqning Daryadin Otushi 小马驹的渡河

01. مايمۇن بىلەن تاشپاقا
02. قۇشقاچ بىلەن يىلان
03. توشقاننىڭ قايغۇسى
04. توز بىلەن قىرغاۋۇل
05. ئېيىق بىلەن مولۇن
06. تومۇچۇق بىلەن توز
07. ھەسەتخور بۆركۈت
08. قۇشقاچ بىلەن تۇرنا
09. توشقان بىلەن پىللار
10. تىمساھنىڭ كۆز يېشى
11. چېقىمچى قۇشقاچ
12. قىزغانچۇق چۆجە
13. يولۇچى ۋە ئات
14. بىغەم چاشقان
15. ئۈچ بېلىق
16. ئالتۇن قۇش
17. ئەخمەق ئات
18. ئالدىراڭغۇ كەپتەر
19. تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى
20. غەيرەتلىك چۈمۈلە
21. تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى
22. تۇرنىنىڭ مېھمان چاقىرىشى
23. ھەددىنى بىلمىگەن پاقا
24. قۇشقاچ بىلەن قارلىغاچ
25. سۇ قۇشى بىلەن تاشپاقا
26. كەكلىك بىلەن قارچىغا
27. يولۋاس بىلەن مايمۇن
28. شىر پادىشاھ ۋە چىلبۆرە
29. مۆشۈكياپىلاقنىڭ بالىلىرى
30. قۇشلارنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشى

ISBN 978-7-900511-66-9

9 787900 511669

باھاسى: 240.00 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)

价格：240.00 元（共 30 种类，单价 8.00 元）